


دالي كارنېگ ( ئامېرىكا )

# پارلاق ئىستىقبال

CLASSIC STORIES IN DALE CARNEGIE'S SPEECH

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلى زاھىت

000005

1BUI00000050

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



بۇ كىتاب گۇيجۇ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 - يىلى 4 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据贵州人民出版社 2000 年 4 月第1版第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى : نىجات مۇخلىس
مۇتەللىپ مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورلىرى : ئابلىز ئابباس
دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غالىب شاھ

# پارلاق ئىستىقبال

ئاپتورى : دالې كارنېگ (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى : ئېلى زاھىت

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا، 1 - قورۇ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 6.125
2003 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 5 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978 —7 —5371 —4455 —1
باھاسى : 10.50 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىڭ……1
ئىككىنچى باب پىسخىك ئاجىزلىقنى ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يېڭىش…… 73
ئۈچىنچى باب باشقىلارنىڭ يۈرەك تارىنى قانداق سازلاش كېرەك؟ …… 127
تۆتىنچى باب باشقىلارنى قانداق ماختاش كېرەك؟ …… 133
بەشىنچى باب ئابرۇيغا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ …… 150
ئالتىنچى باب كۆزقارىشىڭىزنى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىسىز؟ …… 162
يەتتىنچى باب مەخپىيەتلىكنى ساقلاڭ …… 179

# بىرىنچى باب

# ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىڭ

## ياش تۇرۇپلا قېرىپ قېلىش

بىر ئادەمنىڭ مول زېھىن - قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ئادەمنىڭ زېھىن - قۇۋۋىتى ئاساسەن چەكسىز بولىدۇ، بىراق كۆپ ساندىكى كىشىلەر زاپاس ساقلىنىۋاتقان بارلىق زېھىن - قۇۋۋىتىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشنى بىلمەيدۇ، خالاس. تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلارنى ئالايلى، ئۇلار بارلىق ئىشلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرسىمۇ، لېكىن ھېرىپ - چارچاپ ھالىدىن كېتىپ قالمىغان. ئادەتتىكى ئادەملەر ئادەتلەنگىنى بويىچە ئۆزلىرىدىكى زېھىن - قۇۋۋەتنىڭ بىر قىسمىنىلا سەرپ قىلىدۇ. مانا مۇشۇ پەرقتىن بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى، زېرەك ياكى گال بولۇشىدىكى ئاچقۇچنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

سىز ئۆزىڭىزنى دائىم ھارغىن، كەم ماغدۇر ھېس قىلىدىغانسىز؟ «ھارغىنلىق» بىر خىل زەھەرگە ئوخشاش پۈتۈن بەدىنىڭىزگە تارقىلىدىغاندۇ؟ ھەر كەچقۇرۇن قەدەملىرىڭىزنى تەستە يۆتكىگەن ھالدا ئۆيگە قايتقان چېغىڭىزدا،

كارىۋاتنى كۆرگەن ھامان ئۆزىڭىزنى ئېتىپ، ھېچنېمىنى ئويلىماي، ھېچ ئىشمۇ قىلماي پۈتىڭىزنى ئۇزۇن سوزۇپ يېتىۋالغۇڭىز كېلىدىغاندۇ؟

سىزنى شۇنچىۋالا چارچىتىۋەتكەن زادى نېمە؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق جاپالىق خىزمەت ئىكەنلىكى ئۆزىڭىزگە ناھايىتى ئايان! ئۇنداقتا قانداق ئۇسۇل بىلەن داۋالىنىش كېرەك؟ بۇنىڭ چارىسىمۇ ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك، «ئارام» ئالسىڭىزلا ياخشى بولۇپ قالىسىز. ئادەتتە كىشىلەر: «ماڭا ئوبدان ئارام ئالىدىغان ۋاقىت بېرىلسە، تېخىمۇ ياخشى ئىقتىسادىي شارائىتىم بولسا، ئىشى يېنىك كەسىپكە قويۇلغان بولسام، ئۇ ھالدا ھەممە مەسىلەم ئۆزلۈكىدىن ھەل بولغان بولاتتى؟» دېيىشىدۇ.

گېپىڭلار ئاڭلىماققا ئورۇنلۇقتەك! ئەمما، ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلانغاندا، بۇنىڭ تامامەن خاتا ئىكەنلىكىنى سېزىسىلەر! مەن سىلەرگە سەممىيەت بىلەن شۇنى ئېيتىمەن:

«ئەگەر خىزمەتنى تازا تىرىشىپ ئىشلىگەن بولساڭلار ئۇنچىۋالا ھارغىنلىق ھېس قىلمىغان، زېھىن - قۇۋۋىتىڭلارنى ئازراقمۇ قالدۇرماي سەرپ قىلغان بولساڭلار ئۇنچىلىك چارچىمىغان بولاتتىڭلار!»

«ھارغىنلىقىڭىزغا دەم ئېلىش شىپا بولالمايدۇ، كۆڭلىڭىزدىكىدەك بىرەر كەسىپ تېخىمۇ شۇنداق. دۇنيادىكى بارلىق بىكارچىلىق ۋە ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى سىزگىلا بەرگەن ھالەتتىمۇ ھارغىنلىقىڭىزغا يەنىلا شىپا بولالمايدۇ!»

«نۇرغۇن كىشىلەر يۇقىرىقى ئۈچ شارائىتنىڭ ھەممىسىگە ئىگە تۇرۇقلۇق، سىزدىنمۇ بەكرەك ھارغىنلىق ھېس قىلىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار يۇقىرىدىكى ئۈچ شەرتنىڭ بىرىگىمۇ ئىگە ئەمەس، ئەمما ئۇلار ھارغىنلىق دېگەننى بىلمەيدۇ!»



بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىزمەت ھارغىنلىقنىڭ سەۋەبى ئەمەس، دەم ئېلىشمۇ ھارغىنلىقنى داۋالاشنىڭ شىپالىق ئۇسۇلى ئەمەس. ئىشەنمىسىڭىز، سىزگە راست ئىشتىن بىرنى ئېيتىپ بېرەي:

ھېنرى ئەپەندىنىڭ چوڭ بىر شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەمما ئۇنىڭ بۇ شىركەتنى ئىككى قولىغىلا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇپ چىققانلىقىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ھېنرى ئەپەندى ھەققەتەن ئالدىراش ئادەم، دەم ئېلىش ۋاقتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ كۈنىگە ئون نەچچە سائەت ئىشلەيدۇ. ئەمما، ئۇ ئەزەلدىن ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ، ئاغرىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بەك ئاز. ئۇ ئۆز كەسپىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، باشقا ئۇششاق ئىشلار بىلەن ئانچە كارى يوق.

ئۇ ئاتمىش ياشقا كىرگەندە ئائىلىسىدىكىلەر: «ئۇ ناۋادا مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەۋېرىدىغان بولسا، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ» دەپ قاراپ، ئۇنى پېنسىيىگە چىقىشقا مەجبۇرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىنى تاشلاپ ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىپ دەم ئالىدۇ.

ۋەھالەنكى، ئۇ پېنسىيىگە چىقىپ ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندە بەختسىزلىك يۈز بېرىپ، ئۇ نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئون مىنۇت يول يۈرسىلا قاتتىق ھارغىن-

لىق ھېس قىلىدىغان، كىتاب كۆرسە، گېزىت ئوقۇسا ئون
بەش مىنۇتتىلا چارچاپ ھالىدىن كېتىدىغان، بىر پارچە
گۆشنى سىڭدۈرەلمەيدىغان، ئازراقلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولسا
يۈرىكى سېلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بارا - بارا خەتەرلىك باسقۇچ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما
ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەك چارچايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ
كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى — ئىلگىرى
باشقا بىر ئادەم، ھازىر باشقا بىر ئادەمدەك ھېس قىلىشقا
باشلايدۇ. شۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ھار-
غىنلىق ئۇنىڭدىن نېرى كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر،
ئۇنىڭ دوختۇرى، ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ بۇ كېسەلنىڭ ۋۇجۇدىدا
ئۇزۇن يىل يوشۇرۇنۇپ ئەمدىلىكتە بىراقلا پارتلىغانلىقىغا،
ئەگەر ئۇ ئىككى يىل بۇرۇن پېنسىيىگە چىقمىغان بولسا
ھارغىنلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ!

دەل مۇشۇ چاغدا، بىر ياش دوختۇر باشقىلارنىڭ پىكرى-
نى كۆچلۈك دەلىل ئارقىلىق رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېڭىچە
قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: «دەم ئې-
لىش» نىڭ ھېنرى ئەپەندى ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسى يوق؛
بۇ ياشانغان ئەپەندىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى — نۇرغۇن جەڭلەرنى
بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جەڭچىنىڭ ھاياتى؛ ھازىرمۇ ئۇ ئابرۇي-
لۇق زات، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر قېتىم كېسەل بولۇش
بىلەنلا ھەممىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، پۈتۈنلەي كېرەكتىن
چىقىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ شەك - شۈبھىسىزكى،
بۇنىڭدىن بەزى يېپ ئۇچلىرىنى تېپىۋېلىشىمىز قىيىن
ئەمەس!

شۇنىڭ بىلەن بۇ ياش دوختۇر ھېنرى ئەپەندى بىلەن



پاراڭلىشىدۇ. ئۇ ھېنرى ئەپەندى بىلەن بولغان پارىڭىنى
سەنئەتتىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىكى، ئۇرۇش، سىياسىي،
كىتاب ئوقۇش قاتارلىقلار ئۈستىدە داۋام قىلىدۇ. ئاخىرىدا
ئۇ بۇ مويسىپىتنىڭ قىزىقىشىنى بايقايدۇ. ئۇلار ياشلارنىڭ
چۈشكۈنلىشىشى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، مويسىپىت ئۆس-
مۈرلۈك دەۋرىنى ئەسلەپ بېرىدۇ. مويسىپىتمۇ ئۆسمۈر
مەزگىلىدە چۈشكۈنلەشكەنىكەن، بەختكە يارىشا كېيىنچە جا-
سارەت بىلەن تىرىشىپ، بۈگۈنكىدەك ئورۇنغا ئىگە بولغانى-
كەن. ياش دوختۇر پۇرسەت كەلدى دەپ قاراپ، ئۇنى رىغ-
بەتلەندۈرۈپ:

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، نېمىشقا باشتىن ئۆتكەن
سەرگۈزەشتىلىرىڭىز ئارقىلىق چۈشكۈنلەشكەن ئۆسمۈرلەرنى
قۇتقۇزۇۋېلىش جەھەتتە ئانچە - مۇنچە ئىش قىلمايسىز؟ —
دەيدۇ.

بۇ تەكلىپنى ئاڭلىغان ھېنرى ئەپەندى شۇ ھامان روھ-
لىنىپ قاتتىق ئىرادىگە كېلىدۇ. ئۇ «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتى-
گە قويماي» دەرھال ماشىنا ھازىرلاشنى بۇيرۇپ، خىزمەت
تەرتىپىنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ، خىزمەتكە كىرىشىدۇ.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھارغىنلىق ئۇنىڭغا يېقىن يولى-
مايدىغان بولغان. ئۇ ھەر كۈنى سەككىز - توققۇز سائەت
ئالدىراش يۈرىدۇ، سوت مەھكىمىلىرىگە، مەكتەپلەرگە، تە-
سىرلەندۈرۈش پونكىتلىرىغا، يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا، تۈر-
مىلەرگە كىرىپ - چىقىپ، ئۆزىنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ئۆس-
مۈرلەرنى قۇتقۇزۇش ئىشى بىلەن بەند.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە ئىشلەيدىغان ئىش تېپى-
لىپ، ئۇ يەنە «كېرەكلىك ماتېرىيال» بولۇپ قالدى. شۇ-

ـداقلا يەنە «مۇھىم ۋەزىپىدىكى ئەرباب»، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان «چوڭ شەخس» بولۇپ قالدى.

ئويلاپ بېقىڭلار، بۇنداق ھارغىنلىق كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن يوقىلىشى نېمىدېگەن تاسادىپىي - ھە! ئۇنىڭ تېگىگە كىم يېتەلەيدۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بىر تېببىي ئىلىم — روھىي كېسەللىك ئىلمىنى رەسمىي يوسۇندا تونۇشتۇرماي تۇرالمايمىز. مۇشۇ تېببىي ئىلىمنى تەتقىق قىلغاندىلا ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېلىقى ياش دوختۇر روھىي كېسەللىك ئالىملىرىنىڭ ۋەكىلىدۇر.

ھارغىنلىق مەسىلىسى ئۈستىدە نۇرغۇن ئاتاقلىق فىزىئولوگىيە ئالىملىرى ۋە دوختۇرلار ئون يىلدىن ئارتۇق جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، نەتىجىدە دوختۇرلار يەنىلا «دەم ئېلىش كېرەك ياكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش كونا مۇقاملارنىلا كۆچەپ تەشەببۇس قىلماقتا. بۇ ھەقىقەتەن كىشىلەر رايىغا تازا يېقىپ كەتمەيدۇ. يېڭى ئىلىمنىڭ دىئاگنوزى بولسا ئۇلارغا زادىلا ئوخشاشمايدۇ. ھېلىقى ياش دوختۇرنىڭ قارىشىچە، ھارغىنلىق بىر خىل «كېسەللىك»، ئەمما ئۇنى خىزمەتنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس، شۇڭا ھارغىنلىقنى داۋالاشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بىر خىل روھىي جەھەتتىكى كېسەللىك ئىكەنلىكىنى، گەرچە جىسمانىي جەھەتتە ئەكس ئېتىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن كەلگەن ئەمەسلىكىنى ئېنىق تونۇش كېرەك.

بۇ خىل يېڭى بىلىم ھارغىنلىقنىڭ تۈگۈنىنى تېپىشىمىزغا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سىزنى



«نى - نى ئىشلارنى قىلىش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سىزنىڭ بۇ خىل قىيىنچىلىقىڭىزنى ئاددىي يول بىلەن تېز، مەڭگۈلۈك ھەل قىلىپ بېرىدۇ، سىزنى تولۇق زېھىن - قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىدۇ.

پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىزدىكى زېھىن - قۇۋۋەت ھەيۋەتلىك زور شارقىراتمىغا ئوخشىشىدۇ، بىراق ئۇ شەكىلسىز توسما تەرىپىدىن توسۇلغان بولۇپ، قۇدرىتىنى جارى قىلالمايدۇ. كۆڭلەرنىڭ بىردە شۇ توسمىنى تېپىۋالسىڭىز ھەمدە ئۇنى ئېچىۋەتسىڭىز، ئۇ ھالدا جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ كۈچكە ئۆزىڭىزمۇ ھەيران قالغان بولاتتىڭىز! ئۆزىڭىزنىڭ زېھىن - قۇۋۋىتىڭىزنى بەك ئاجىز چاغلىماڭ، ئەمەلىيەتتە سىز ناھايىتى مول زېھىن - قۇۋۋەتكە ئىگىسىز!

ئەمدى بىز روھىي كېسەللىك ئىلمىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ئاساس قىلغان ھالدا روھىمىزنىڭ بىزنى نېمىشقا ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزاھلاپ كۆرەيلى:

پسىخولوگىيە ئۆگەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى پسىخولوگىيىنىڭ ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقانلىقىنى بىلىدۇ. مەيلى «بويسۇندۇرۇش» ياكى «مەقسەت»تە بولسۇن، ئۇ ئىككىسى ھامان ئۆتكۈر ھالدا قارىمۇقارشى ئورۇندا تۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ گاھى چوڭ، گاھى كىچىك توقۇنۇش پەيدا قىلمايدىغان ۋاقتى يوق، بۇنى بىز سېزىۋالالمايمىز.

ئادەتتىكى ساغلام ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھارغىنلىقنىڭ توقسان پىرسەنتىنى پسىخىك ئامىل كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ نۇرغۇنى ئاڭ جەھەتتىكى ئامىللاردۇر،

ئالايلۇق، خىزمەتنىڭ تولىمۇ زېرىكىشلىك بولۇشى، باشلىقنىڭ بىۋاستە مەجبۇرلىشى، ئۆز جىسمىغا لايىق بولمىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشى، خىزمەتداشلار بىلەن ئىناق ئۆتمەسلىك، ئائىلىسىدە ھەقىقىي ئارام ئېلىشقا ئېرىشەلمەسلىك، خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇشتىن ئەنسىرەش، شۇنداقلا تۇرمۇشى قىيىن بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنى بىئارام قىلىپ ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە يوشۇرۇن ئامىللارمۇ بار، ئالايلۇق، خىزمەت ئىشلەشنى تېگىدىن خالىماسلىق، مەغلۇبىيەتكە ھارغىنلىقنى قەستەن باھانە قىلىپ كۆرسىتىپ باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىش، مەجبۇرلانغان بىرەر خىزمەتتىن بىزار بولۇش، ئۆزىنى بىر خىل تۆۋەن كۆرۈش پسىخىك ھالىتىدە بولۇش ۋە باشقىلار. بۇنداق ئىچكى توقۇنۇشلارمۇ ئۇنداق كىشىلەرنى خىزمەتتە ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئالدىنقى سەۋەبكە كەلسەك، كۆپچىلىك بىرقەدەر شۇنى ئوچۇق كۆرەلەيدۇكى، بولۇپمۇ دائىم ئىقتىساد تەرىپىدىن مەجبۇرلىنىدىغان ئادەم خىزمەتنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سەۋرسىزلىك، بىئارامچىلىق تۈپەيلىدىن ھارغىنلىققا گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ئەگەر سىز بۇ نۇقتىنى ھېس قىلالايدىغانلا بولسىڭىز، ئۇ ھالدا مەسىلىنىڭ چوڭ يېرىمى ھەل بولغان بولىدۇ.

كېيىنكى سەۋەبكە كەلسەك، ئۇ بىرقەدەر ئېنىقسىز. ھېنرى ئەپەندىنى مىسالغا ئالساق، ناۋادا ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى يوشۇرۇن ئاڭدىكى بىكارچىلىقتىن ئىكەنلى-



كىنى بىلگەن بولسا، دەرھال خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھارغىنلىقىغا شۇ ھامان دورىسىزلا داۋا تاپماسمىدى؟

كېسەلنىڭ تۈگۈنىنى تېپىش ئانچە قىيىن ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزنى تۇرمۇشىڭىزدىن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تاپالىسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنى ھاردۇرۇۋاتقان دۈشمەننى ئېنىق كۆرەلەيسىز.

ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان «ھارغىنلىق» نى ئەمەلىيەتتە «زېرىكىش» دېگەن مۇۋاپىقراق، چۈنكى «زېرىكىش» خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، يېقىنقى زامان ماشىنىسازلىقىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ جىسمانىي سەرپىياتىنى ئازايتتى، شۇڭا «ھارغىنلىق» نىڭ ئېھتىماللىقىمۇ تەدرىجىي ئازايسا توغرا بولاتتى، بىراق، ئەمەلىيەتتە ھارغىنلىق ھالىتى تېخىمۇ ئومۇملاشماقتا. خىزمەتنىڭ بارغانسېرى مەنىسىز بىلىنىشى كىشىلەرنى بۇرۇقتۇرما قىلىپ زېرىكتۈرۈۋاتقانلىقى بۇنىڭ سەۋەبىدۇر. كىشىلەر بىر كۈن خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ زېھىن - قۇۋۋىتى ئازراقمۇ ئازايغىنى يوق، پەقەت خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى ئاستا - ئاستا يوقىلىۋاتقان گەپ!

«زېرىكىش قانداق قىلىپ ئادەمنى ھاردۇرىدۇ؟» دەپ بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ روھىي جەھەتتىكى ئازابلىنىشنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابقا ئۆزگىرىشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەھۋال تۇرمۇشتا ناھايىتى ئومۇمىيدۇر، بىراق ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، روھىي كېسەللىك ئالىملىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق ئادەتتىكى بىر ئىش.

خارۋارت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاسا-

لانغاندا، دۇنيادىكى مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كىسەللەر
ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ كېسىلىنى
روھىي جەھەتتىكى ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقىرىدى-
كەن. ھالبۇكى، «زېرىكىش» دەل بىزنىڭ بىرىنچى
دۈشمىنىمىزدۇر.
بۇنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ باقايلى: ئامېرىكى-
نىڭ شەرقىي قىسمىدا بىر ئېلان شىركىتى بولۇپ، شىر-
كەت مۇدىرىنىڭ خىزمىتى ئۇشتۇمتۇتلا يۆتكەلگەن. شىر-
كەت ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بىر
خىزمەتچىنى ئۆستۈرگەن. بۇ قېتىم ئۆستۈرۈلگەن خىزمەت-
چى سابىق مۇدىرنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئېزىشى ئارقىسىدا نېرۋا
ئاجىزلىقىغا گىرىپتار بولغىلى تاسلا قالغان بولۇپ، ئۆستۈ-
رۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى كېسەللىك ئالامىتى دەرھال
غايىب بولغان، ھەتتا ئۇنىڭ مىجەزىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان.
ئۇ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ پۈتۈن كۈن خىزمەت قىل-
غان، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ نائىلاج ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
ئىشلىگەن. دېمەك، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بۇرۇنقى-
دىنمۇ قاتتىقراق «ئېزىلىش» كە ئۇچرىغانلىقىغا گەپ كەت-
مەيدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېڭىدىن تە-
يىنلەنگەن بۇ مۇدىر ئەپەندى زادىلا ھارمايدىغان بولغان.
شۇنىڭدىن كېيىنكى سەككىز يىلدا ئۇ بىر كۈنمۇ رۇخسەت
سورىمىغان، زېھىن ـ قۇۋۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئۇرغۇ-
غان، مائاشىمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئۆسكەن، ھوقۇقى
كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيگەن، ئاخىرىدا شەرەپلىك ھالدا شىر-
كەت باش دىرېكتورى بولغان.
ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇنىڭ خىزمىتى ئۆستۈرۈلۈشتىن



ئىلگىرى ئۇنى ھاردۇرغىنى قېيىداش، ئۆزىدىن مەيۈسلى-
نىش، قىزغىنىش كەيپىياتى ئەمەسمۇ؟ بۇ خىل
كەيپىيات ـــ ئورنى تۆۋەن كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئە-
جەللىك كېسىلىدۇر. ئەمما، خىزمىتى ئۆستۈرۈلگەندىن
كېيىن، مەيۈسلۈكىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگىنى ئاچ كۆزلۈك،
قىزىقىش، مەسئۇلىيەت، ئىپتىخارلىق، چوڭچىلىق قاتار-
لىقلاردىن ئىبارەت بولغاچقا، «ھارغىنلىق» نىڭ ئۆزىچە غا-
يىب بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ
قول ئاستىدىكىلەر ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بولغاندەك «ئاتام ئېيتقان
بايىقى» دېگەندەك ھېسسىياتتا بولماي قالامدۇ؟ شۇڭا ئىك-
كىنچى دۈشمىنىمىز مەيۈسلۈك پسىخىكىسى!
ئېينىشتېيىن بىر كۈن كەچكىچە قاتتىق پىكىر يۈر-
گۈزسىمۇ قىلچە چارچىمايتتى، سېتكا توپ ماھىرى تېرىت
كۈن بويى سېتكا توپ ئوينىغاندىمۇ پەقەت ئازراقلا چارچايدى-
كەن. ئەمما، قورقۇنچ ئىچىدە بىر كۈننى ئۆتكۈزگەن ياكى
غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە بىر كۈننى ئۆتكۈزگەنلەردىن چارچاپ
ئۆلەر ھالغا كەلمەيدىغان كىم بار؟ روھىي كېسەللىك ئالىمى
دوكتور گلار مۇنداق بىر گەپنى ياخشى ئېيتقان: «بىز
قورقىمىز! بۇ، پسىخىك جەھەتتىكى، مېڭىمىزدىكى، ئىچ-
كى ئەزالاردىكى قورقۇشلا ئەمەس، بۇ قورقۇنچ تەسىرى
بەدەندىكى ھەربىر ئورگانغا، ھەربىر بۆلەكتىكى توقۇلمىلارغا
دېگۈدەك سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر
قورقۇنچقا ئىدراك ئارقىلىق تاقابىل تۇرالمايدۇ، شۇنداقلا
قورقۇنچقا ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا تاقابىل تۇرالمايدۇ،
بەلكى قورقۇنچقا پۈتكۈل توقۇلمىلار ئارقىلىق تاقابىل تۇ-
رۇش زۆرۈر.» دوپۇسمۇ: «قورقۇنچ ـــ بىرخىل كەيپى-

يات، ئۇ ھەرقانداق جىددىي بولغان ئەقلىي ياكى جىسمانىي خىزمەتكە قارىغاندا ئادەمنى تېخىمۇ ئوڭاي چارچىتىدۇ، مۇشۇ بويىچە ئېيتقاندا، قورقۇنچ بىلەن غەم - ئەندىشە — بىزنىڭ ئۈچىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنىمىز» دەپ ئېيتقانىدى.

ئەمدى «ئارىسالدىلىق» قا كەلسەك، ئەسلىدە ئۇ بىر خىل زەھەر، نۇرغۇن كىشىلەر چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىلا ھەمىشە ئارىسالدىلىق قىلىدۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ كەسپى، ئىستىقبالى گۇمان، ئىككىلىنىش، ئەنسىرەش تەرىپىدىن نابۇت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھال ئادەمنى تېخىمۇ ھاردۇرىدۇ، بۇ — كىشىلەرنىڭ تۆتىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى.

ۋىلىيامس ئىسىملىك بىر كىشى بار، ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنى كۆڭلى يۇمشاقلار ۋە تاش يۈرەكلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۇنيادا تاش يۈرەك بولۇش شەخسنىڭ ئۆزىگە بىرقەدەر پايدىلىق، كۆڭلى يۇمشاقلار كۆپ ھاللاردا ئادەمگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىگە تاش يۈرەك بولۇش، ئەمما باشقىلارغا يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىشتۇر، ئۆزىگە تاش يۈرەك بولۇش — رەھىمسىز بولۇش دېگەنلىك ئەمەس.

كۆڭلى يۇمشاق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھېسسىياتقا باي كېلىدۇ. ئۇلار ئاسانلىقچە خۇشال بولالمايدۇ، ئەكسىچە ناھايىتى ئاسان قايغۇرىدۇ، شۇڭا ناھايىتى ئوڭايلا ھەسرەتلىنىش، قايغۇرۇش، ئازابلىنىش، مەيۈسلىنىش، ئۆزىنى ئەيىبكار ھېسابلاش قاتارلىق ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ.



ئۇلارنىڭ ئەڭ بىچارىلىكى شۇكى، بەزى چاغلاردا ياخشى كۆڭلىنى جايىدا ئىشلىتەلمەي ياكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، «زىيىنىلا بار، پايدىسى يوق» ئىش قىلىپ قويىدۇ. ئالايلۇق، «ھەددىدىن ئارتۇق مېھرىبانلىق قىلىمەن» دەپ ئۆزى ياردەمچىسىز قالىدۇ، «ھەددىدىن ئارتۇق كەمتەرلىك، تەكەللۇپ قىلىمەن» دەپ ئۆزىنى تۆۋەنلىتىپ قويىدۇ، نەتىجىدە ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ھارغىنلىقتىن ئوخشاشلا ساقلىنالمايدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، روھىي جەھەتتىكى زىيادە سەزگۈرلۈك ياكى ھەددىدىن ئاشقان ھېسسىياتچانلىق ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ بەشىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى.

ھارغىنلىقنىڭ ئاخىرقى بىر خىل سەۋەبىگە كەلسەك، دوكتور دوپۇس نۇرغۇن نېرۋا ئاجىزلىقى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار ئىچىدىن شۇ نەرسىنى بايقىغانكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇرمۇش مۇھىتىغا ئۇيغۇنلىشالمايدىكەن، شۇنداقلا ئۇلار چىدامسىز ۋە جاسارەتسىز بولۇپ، ئادەملەر دېڭىزىدا باشقىلار چۆكسە چۆكۈپ، لەيلىسە لەيلەپلا ئۆتىدىكەن. ئۇلار بىرمۇنچە ناھايىتى ياخشى ئىقتىدارلارغا ۋە باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك پەزىلەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھاياتلىق كۈرىشىدە زۆرۈر بولغان بىر خىل چىدامچانلىق كەم بولىدىكەن. چىدامچانلىق كەم بولغان بۇ خىل مىجەزنىڭ ئۆزى ئاجىزلىق بولۇپ، ئۇ ئاستا - ئاستا ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ، ئۇلارنى ئېغىر نېرۋا ئاجىزلىقىغا ياكى روھىي كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ، نەتىجىدە جىسمانىي جەھەتتىمۇ ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. ئاجىزلىق — كىشىلەرنىڭ ئالتىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى.

بىر ئايال تېز خاتىرىلىگۈچى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن
مۇنداق دېگەنىدى:
«مەن بىر ياخشى تەربىيە ئالغان ئايال تېز خاتىرىلىگۈ-
چى، خەت ئۇرۇشنى بىلىمەن، تېز خاتىرىلەشتىمۇ ناھايىتى
ياخشى، ئىشخانامنىمۇ رەتلىك، پاكىز تۇتىمەن. مەن ئىش-
لىگىلى تۆت يىل بولدى، بىرقانچە قېتىم ئىش تۇرى ئالماش-
تۇردۇم، لېكىن بىرىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدىم. نا-
ۋادا مەن ئىستېپا بېرىشنى ئويتتۇرىغا قويسام، مېنى ئىشلەت-
كۈچىلەر قېپقېلىشقا دەۋەت قىلماي ئاسانلا يولغا سېلىپ
قويىدى. مەن بىرەر قېتىممۇ ئىشتىن بوشىتىلمىدىم، بىر
قېتىممۇ قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويمىدىم، ئەمما مېنىڭ خىزمە-
تىمنى بىرەر ئادەم ماختاپ باققىنىمۇ يوق! مائاشىم گاھىدا
كۆپ، گاھىدا ئاز بولۇپ تۇردى، بەلگىلىك نىشانغا يېتەلى-
گىنىم يوق. هازىرقى باشلىقىم رايىش ئادەم، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە خەقنىڭ چىشىغا تېگىشنى خالىمايدۇ، ئەمما شۇنىڭغا
ئىشىنىمەنكى، ئۇ چوقۇم مېنىڭ ئىستېپا بېرىشىمنى ئۈمىد
قىلىدۇ، بۇ ماڭا ناھايىتى ئايان. هازىرغۇ مەن باشقا خىز-
مەت تاپالايمەن، ئەمما ئۆزۈمنىڭ قانداق ئىللەتكە گىرىپتار
بولغانلىقىمنى، ئىشنى نېمىشقا ياخشى قىلالمايدىغانلىقىمنى
بەك بىلگۈم كېلىدۇ. ئەمما ئۆزۈمنىڭ ‹مەغلۇبىيەتچى› ئى-
كەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايمەن. شۇنىڭغا چوڭ-
قۇر ئىشىنىمەنكى، سانسىزلىغان كىشىلەر ماڭا ئوخشاش
كۆڭلىدىكى مۇشۇ تۈگۈننى — ‹بۇ ئىشلارنى نېمىشقا ياخشى
ئىشلىيەلمەيمەن؟› دېگەننى يەشمەكچى بولىدۇ.»
بۇ، كۆپلىگەن كىشىلەر ئىچىدىكى بىرەيلەننىڭ
ئەھۋالى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئايال خىزمەتچى ياللىغان سو-



دا ئورۇنلىرى ياكى ئورگانلارنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ مى-
جەزىنى توغرىلاشنى، ئۇلارنى سودا تېپىدىكى ئەركەككە ئاي-
لاندۇرۇشنى ياكى ئۇلارنى ئوغۇل بالىغا ئوخشاش قىلىشنى
ئۈمىد قىلىدۇ. نەتىجىدە نېمە بولىدۇ؟ «توغرىلاش»تا مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ ـ دە، بىر قىسىم ئىللەت مانا
شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەرلەر بىلەن ئايال-
لار ئوخشاش خىزمەت ئىشلىگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئىش قىلىش
ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى
باشقا بىراۋنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن
ئالاھىدىرەك قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش زۆرۈر، بولۇپمۇ ئايال
كىشىنىڭ ئەرلەرنى دورىشى تېخىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ.
«قىلغان ئىشىم تامامەن ناچارمۇ ئەمەس، ئەمما تازا
ياخشىمۇ ئەمەس» دېگەننى ھېس قىلغاندا ئادەم ئۆزىنىڭ
جىسمانىي ھالىتىدە «توسالغۇ بارمۇ، يوق؟» دېگەن مەسى-
لىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر بار بولسا ئامال قىلىپ
دەرھال تولۇقلاش كېرەك. ئۆزىگە «مەن تامامەن مۇكەممەل-
مۇ؟ دائىم ھارغىنلىق ھېس قىلامدىم، يوق؟ بىرەر ئىشتا
ھەددىدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ھال-
سىزلىنىپ قالامدىمەن، يوق؟ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە خىز-
مەت ئىشلىيەلەيمەنمۇ، يوق؟» دېگەن سوئاللارنى قويۇش
كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن
ئويلىشىشقا تېگىشلىك ئىشلار. زېھىن ـ قۇۋۋىتى كەم كى-
شىنىڭ بىرقەدەر مۇھىم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى
مۇمكىن ئەمەس؛ شۇنداق ئىشقا قويۇلغان تەقدىردىمۇ،
ئۇنداقلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقالمايدۇ!

بىر يەنە «زېھىن ـ قۇۋۋىتى كەم»لىك ئىللىتىگە گە-
رىپتار بولغان ئەر تېز خاتىرىلىگۈچىنىڭ ئىشىنى كۆرۈپ
باقايلى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئىسپانىيىلىك ياش، ئون نەچچە يىل بۇرۇن
ھەممىلا يېرى ئالتۇن دەپ قارىلىدىغان ئامېرىكىغا سەرگەر-
دان بولۇپ كەلگەنمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى ياخشى تېز
خاتىرىلىگۈچى ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىمەن، مەيلى ئىنگلىزچە
ياكى ئىسپانچە بولسۇن، ئۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. ھەپتى-
سىگە ئەللىك بەش دوللار تاپالايمەن، بۇ مېنىڭ ئەڭ كۆپ
تاپىدىغان پۇلۇم. ھارغىنلىق ماڭا ھەرۋاقىت ھەمراھ، ھە-
زىم قىلىش ئىقتىدارىممۇ تازا ياخشى ئەمەس، تاماقنى ئازراق
يېسەم ئانچە بىئارام بولمايمەن. قەھۋە ئىچكەن چېغىمدا
قولۇم تىترەيدۇ. مەن كۈندە يەتتە سائەتلا خىزمەت قىلالاي-
مەن، تېخى ئارىلىقتا بىر سائەت چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتىم بار،
ئۇخلاپ بولۇپ ئاندىن خىزمەتنى داۋاملاشتۇرىمەن. ئىش
تۈگىگەندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىش ئالدىدىمۇ ئىشخانىدا بىر-
دەم ئۇخلىۋالىمەن. ئۇيقۇم كېلىپلا تۇرىدۇ. ھارغىنلىقنى
يېڭىشنى كۆپ قېتىم ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن مۇۋەپپەق-
قىيەت قازىنالمايلا كېلىۋاتىمەن. ناۋادا روھلۇقراق بولالىغان
بولسام، ھەممىگە قانائەت قىلغان بولاتتىم!»

بۇ ئادەمدىكى ئەڭ زور توسالغۇ «ھارغىنلىق»، بۇ
ئادەمنى ھارغىنلىق جەھەتتىكى تىپىك شەخس دېيىشكىمۇ
بولىدۇ. جىسمانىي جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكتىن ھېچكىم
ساقلىنالمايدۇ، ئەمما ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈكنى بىلگەندىن
كېيىن، ئۇنى جاسارەت بىلەن يېڭىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى خىزمەتلەر ئادەم بىلەن زىچ مۇنا-



سىۋەتلىك، بۇنىڭغا ئادەتتىكى كىشىلەر دائىم سەل قارايدۇ.
مال ساتقۇچىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى جايمۇ جايلارغا
بېرىپ مېلىنى بازارغا سېلىشتىن ئىبارەت، شۇڭا ئۇ مۇھىت-
قا ماسلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەر
بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئەمما ھەربىر ئادەم بىلەن ئۇزاق ۋاقىت
ئۇچرىشىشى ھاجەت ئەمەس. ئىشچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا
ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئىش بېشى رازى
بولسىلا بولدى، باشقا ئادەملەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى
يوق.

بىز بىرەر خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، تولا ھاللاردا
باشقىلارغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ مىجەزىمىزنى
ئۆزگەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ ئىش ناھايىتى
قىيىن. بىر خوجايىنىنىڭ مۇنداق زارلىغىنىنى ئاڭلىغانى-
دىم: «بىر ياردەمچى تېپىش تەس ئەمەس، ئادەمنى رازى
قىلغۇدەك ياردەمچى تېپىش قىيىن! ياردەمچى دېگەن خوجا-
يىنىنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە
ئىش قىلىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن خوجايىن نارازى بولىدۇ،
خىلمۇخىل ئاۋارىچىلىكلەر مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ.
قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر ياردەمچى خوجايىننى
ۋاقىتنى ۋە زېھىن ـ قۇۋۋىتىنى تېجەپ قېلىش ئىمكانىيىتى-
گە ئىگە قىلالايدۇ، مانا بۇ خوجايىنلارنىڭ ئەڭ مەمنۇن
بولىدىغان يېرى، بۇ ھەقىقەت. ياردەمچىنىڭ خىزمىتى ئەس-
لىدىلا مۇستەقىل ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ خىزمىتىنىڭ
بىر قىسمى.

ئىشىنىمەنكى، مۇقىم بىرلا خىزمەتنى ئىشلەۋېرىدى-
غان، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق خىزمەتكە ئالمىشىشنى خالىماي-

دىغانلار ناھايىتى نۇرغۇن، چۈنكى ئۇلار ئاسانلىقچە باشقىلار-
غا ماسلىشالمايدۇ. ئادەتتىكى بىر ئايال كىشىنىڭ ھەۋىسى،
مىجەزى ۋە ئادىتىنى بىر ئەرنىڭ ھەۋىسى، مىجەزى ۋە ئادى-
تىگە ماسلاشتۇرۇشقا مەجبۇرلىسىڭىز، بۇ بىرقەدەر تەسكە
چۈشىدۇ. ئالدىدا ئېيتىلغان ئايال تېز خاتىرىلىگۈچىنىڭ
مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمىغانلىقىدىن ئەجەبلەنمىسەك بولىدۇ،
بۇ ئۇنىڭ قابىلىيىتى تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاساد-
لىقچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان «ئايالغا خاس مىجەز» گە
ئىگە بولغانلىقىدا.

لېكىن، ئادەتتە تېز خاتىرىلەش خىزمىتىنى يەنىلا ئايال-
لار ئىشلىسە بىرقەدەر مۇۋاپىق، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىنچىكە
ئىشلارغا ناھايىتى دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ دۆلەت-
مەن ئائىلىنى باشقۇرۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىزمەت
بىلەن شۇغۇللانغانلار ھەممىلا جايدا «مەسئۇلىيەت» نى ئۈس-
تىگە ئېلىشى زۆرۈر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى مەسئۇل
بولىدىغان ئىشى ئوخشاشمايدۇ، ھالبۇكى ئوخشاشمايدىغان
ھەربىر قىسىم ماشىنىدىكى چىشلىق چاقىقا ئوخشاش پۈتكۈل
خىزمەتنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشخانىدىكى نۇرغۇن ئىشلار خوجايىن-
نىڭ پىلانى بويىچە رەتلىك بېكىتىلگەندىن كېيىن، شۇ رېتى
بويىچە يۈرگۈزۈلىدۇ؛ چەبدەس تېز خاتىرىلىگۈچى ياكى كا-
تىپ ھەرۋاقىت خوجايىننىڭ پىلانى بويىچە ئىش قىلىدۇ
ھەمدە خوجايىننىڭ غېمىنى يەپ، خىزمەتلەرنى ئىمكانىيەت-
نىڭ بارىچە سىلجىتىدۇ. ئەگەر بىر ياردەمچى ياخشى ماسلى-
شالمىسا، ئۇنىڭ خوجايىنغا ياردىمى تەگمەيلا قالماستىن،
ئەكسىچە خوجايىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن



خەۋەر ئالىدۇ. بۇ جەھەتتە خوجايىن بىرەر ھەقىقىي ئىش
قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ياردەمچىسىنىڭ غېمىدە باش قاتۇرى-
دۇ، شۇنىڭ بىلەن ياردەمچى ئىلگىرىلىتىش كۈچىنىڭ بىر
قىسمى ئەمەس، بەلكى توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەگەر كىشىلەر ئۆزى ئىشلەۋاتقان
خىزمەتنى خوجايىننىڭ خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قا-
راپ، ھەممە چاغدا خوجايىننىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشنى ئوي-
لىسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ قىممىتى ئاشىدۇ،
ئۆزىمۇ خىزمىتىنى ئەھمىيەتلىك بىلىپ، خىزمەتنى تېخىمۇ
سۆيىدىغان بولىدۇ.

## «بىزارلىق» ھەققىدە

بەزىلەر: «دېۋەڭ ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن بىزار بول-
مىغان ئادەم ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن ئادەمدۇر» دېيىد-
شىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېسداشلىق قىلىشقا تېگىشلىك بول-
غىنى «ئادەمنى بىزار قىلىدىغان»لار ئەمەس، بەلكى بىزار
قىلغۇچىلارغا چىدايدىغانلاردۇر!

مەسىلەن، A ئەرباب بىلەن B ئەرباب ئەسلىدە ئادەمنى
بىزار قىلىدىغانلار ئەمەس؛ ئەمما، A ئەرباب ھەر قېتىم B
ئەرباب بىلەن ئۇچراشقاندا B ئەرباب ئەھمىيەتسىز دەپ ھې-
سابلايدىغان گەپلەرنى قىلىشقا ئامراق، نەتىجىدە ئۇ B
ئەربابنى ناھايىتى بىزار قىلىشقا باشلايدۇ.

بۇ ھەقتە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئادەتتە ئادەمنى ئەڭ
بىزار قىلىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، تەجرىبىسى،
ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، شۇنداقلا ئازابلىرى ۋە ئۇنى ھەل

قىلىش ئۇسۇللىرى، ئائىلىسىدىكى ئۇسكۇنىلەر، ساياھەت قىلغان جايلىرى، ئارزۇلىرى ھەم پىلانلىرى قاتارلىقلار تۇغرىسىدىكى ‹ئۆزى› نى ئاساس قىلىدىغان پاراڭلاردىن ئىبارەت. »

مېنىڭچە بۇ سۆزنىڭ بىر ئۇلۇشى توغرا، كۆپ ئۇلۇشى توغرا ئەمەس: چۈنكى، A ئەرباب بىلەن B ئەربابنىڭ پىسخىكىسى ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ «ھەۋەسى» مۇ پەرقلىق، ھەتتا «قۇرۇلما» سىمۇ ئوخشاشمايدۇ، قانداق قىلىپ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولسۇن؟

بىز مۇنداق قىياس قىلىپ كۆرەيلى: A ئەربابنىڭ ئىچى ئىنتايىن تار، شۇڭا ئۇ ھەمىشە باشقىلارنى بىزار قىلىدۇ! چۈنكى، ئۇ بىر تار يولنىلا بويلاپ سىستېمىلىق ھەم ئۇزۇندىن ئۇزۇن پاراڭ قىلىدۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ پىسخىكىسىغا، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ھەۋەسىنىڭمۇ بولىدىغانلىقىغا ئېتىبار بەرمەيدۇ. بۇ كۆڭۈلنىڭ بىر خىل كەڭلىكىلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مانا بۇ پىسخىكىڭىزنىڭ چوڭ جەھەتتىكى قۇرۇلمىسى ۋە تەقسىملىنىشىدۇر.

ئەمما بىز مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى ئەستە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك: «ئادەمنىڭ پىسخىكىسى مۇۋاپىق ھەم تەكشى بولۇشى لازىم!»

شەك ـ شۈبھىسىزكى، تەكشى بولۇش ئىنتايىن مۇھىم. كاللىڭىزدا ساقلانغان ئىدىيە، پىلان، نىشان، ھەۋەس قاتارلىقلاردىن بەزىلىرى ئىنتايىن مۇھىم، بەزىلىرى بولسا ئۇنچىۋالا مۇھىممۇ ئەمەس. سىز بىر ھېكايە سۆزلىمەكچى،



بىرەر يەكۈن چىقارماقچى، بىرەر مىسال كەلتۈرمەكچى، بىرەر ئاساسقا رەددىيە بەرمەكچى ياكى بىرەر پىلاننى مۇزاكىرىلەشمەكچى بولغاندا ئالدىنئالا مۇۋاپىق پىلانلىغان بولسىڭىز، باشقىلار ئاڭلىغان ھامان ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ؛ ناۋادا سۆزلىگىنىڭىز چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقى يوق، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارلا بولۇپ قالايمىقان سۆزلەۋەرسىڭىز، باشقىلار نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى چۈشىنەلمەيدۇ ھەمدە ئاڭلىغۇچىلىكى يوق ئىشكەن دەپ قارايدۇ ـ دە، سۆزىڭىز كىشىلەرنى «تازىمۇ بىزار قىلىدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز قىلىشتىن بۇرۇن ئاز ـ تولا پىلان تۈزۈپ، دېمەكچى بولغان مەنىنى سىستېمىلىق ئىپادىلەش، پارچە ـ پۇراتلار دۆۋىسى بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. باشقىلارنى بىھۇدە بىزار قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن ھامان ئۇنىڭدىن ساقلىنىش لازىم.

ئادەمنى بىزار قىلىدىغان سۆھبەت ھامان زېرىكەرلىك، بىر خىل قېلىپتا، بىر خىل ئىنتوناتسىيىدە بولىدۇ، شۇنداقلا مۇھىملىق دەرىجىسىمۇ ئوخشاشلا بولىدۇ. سۆزلىگۈچى سۆزلىمەكچى بولغانلىرىنى كاللىۋا ئاغزى ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە، قىسقارتىشقا تېگىشلىكنى قىسقارتىپ، قوشۇشقا تېگىشلىكنى قوشۇشنى بىلمەيدۇ. ئاڭلىغۇچى ئۆزىدە بىزارلىق پىسخىكىسى پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، ھېچ ئامال تاپالمىغانلىقتىن، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇلار بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشقا سەرپ قىلىدىغان زېھىن ـ قۇۋۋىتىنى تېجەپ قېلىپ باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ، شۇڭا ئادەمنى بىزار قىلىد-

غان ئۇنداق ئادەملەردىن ئامال قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بىر قېتىملىق يىغىلىشتا مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئۇچراتقاندىم: قىزىقىشى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرمۇنچە ئادەم تازا قىزىق پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئەپەندى ئۇلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى، پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل ئىشلارنى باھانە قىلىشىپ دەرھال كېتىپ قېلىشتى. ئەسلىدە ھېلىقى ئەپەندى باشقىلارنى بىزار قىلىشتا داڭق چىقارغان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىزار قىلغۇچى ئىكەن.

دەرۋەقە، «بىزارلىق» مەسىلىسى «بىزار قىلغۇچى» ۋە «بىزار قىلىنغۇچى» دىن ئىبارەت ئىككىلا تەرەپكە مۇناسىۋەتلىك؛ ئەگەر بىزنىڭ قىزىقىشىمىز ناھايىتى كەڭ بولسا، باشقىلاردىن ھەمىشە بىزار بولۇپ يۈرمىگەن بولاتتۇق. قورسىقىدا ئېلىپىنىڭ سونۇقى يوق ئادەم ئۆزىدىنمۇ زېرىكىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا خىلمۇ خىل شەيئىلەرگە قىزىقىشمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قىزىقىشى تۆرەلىشىدىلا يوق دېيەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ يۈزە.

نېمىشقا ناھايىتى كۆپ ئادەملەر دائىم كۆڭۈل ئېچىش ئىستىكىدە يۈرىدۇ؟ ئۇلار تىياتىرلارغا، تانسىخانىلارغا بارىدۇ، قەھۋەخانىلاردا ئولتۇرىدۇ، ئاپتوموبىل ھەيدەيدۇ، مال سېتىۋالىدۇ، تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىدۇ، يوق يەردىن ئىش تېرىيدۇ ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىلمۇخىل ئىچ پۇشۇقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈنغۇ!

«ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز؟» بۇ تولىمۇ تېتىقسىز مەسىلە بولۇپ، قىزىقىشى مول كىشىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلە ئەمەس، چۈنكى ئۇلاردا ئىچى پۇشۇدىغان ئەھۋال



تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. يەنە بىر قۇتۇپتىكى كىشىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىر توپ ھالىدىن كەتكەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىرى قاندۇرۇلۇپ بولغان، ئۇلار ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىپ بولغان، نۇرغۇن ئىشلارغا نىسبەتەن ئۇلاردا غەيرەت دېگەن نەرسە يوق.

بىزارلىقنىڭ ئەڭ ئومۇمىي، تەبىئىي بولغان بىر خىل ئىپادىسى بار، ئۇ بولسىمۇ «ئەسنەش» تۇر، بۇ، ئىجتىمائىي ئالاقىدە بىزارلىقنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ئەپلىك ئۇسۇلى. ئەمما، بەزىدە چىداپ ئەسنىمەي ئولتۇرۇشىمىز شەرت، بۇمۇ بىر خىل زېھىن - قۇۋۋەت ئىسراپچىلىقى!

قىسقىسى، ھەممىلا شەيئىگە قىزىقىشقا نائىلاجىمىز، مەلۇم شەيئىلەرگىلا ھەۋەسىمىز بولىدۇ، شۇڭا ھەممىمىز دائىم «باشقىلارنى بىزار» قىلىمىز ياكى «باشقىلاردىن بىزار» بولىمىز، بۇنىڭدىن ساقلىنىشىمىز ھەقىقەتەن قىيىن!

شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ھەقىقەتەن ناھايىتى يۇقىرى سەنئەت. ئاۋادا سۆھبىتىڭىز باشقىلارنى قىزىقتۇرۇپ، زېرىكتۈرۈپ قويمىسا، ئۇنىڭغا قانچە پەخىرلەنسىڭىز ئەرزىيدۇ!

## «پۇلنىڭ قۇلى» بولۇش پىسخىكىسىغا نەزەر

«كىشىلەر نېمىشقا پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ؟» بۇ — ئادەم تەبىئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، پىسخىكىلىقنى بىر خىل «يىغىش تەلۋىلىكى» گە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قاتلىمى تېخىمۇ چوڭقۇر. راھەت - پاراغەتكە بېرىل-

گۇچى ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق جايدا خۇددى پۇل قاپچۇ-
قى تېشىلىپ قالغاندەك پۇلنى توپا ئورنىدا بۇزۇپ - چاچى-
دۇ. پۇلنىڭ قۇلىچۇ؟ ئۇنىڭ پۇل قاپچۇقىنى ئامبۇر بىلەن
ئاچمىسا مەڭگۇ ئۈزلۈكىدىن ئېچىلمايدۇ. بۇ ئىككى خىل
ئادەمنىڭ مىجەزى بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشاشمايدۇ.
ئالدىنقى خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى ئاشكارا، پو-
زىتسىيىسى ئەركىن، ئۇلار دوست تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ،
گەپ قىلىشقا، ئوييناشقا، كۈلۈشكە ئامراق، رومانتىك، كۆ-
ڭۈل ئېچىشقا ھېرىسمەن بولۇپ، تامامەن ئۆزىگە ئۆزى ئى-
گە، نېمە قىلغۇسى كەلسە دەرھال قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ
ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلار تىپىگە كىرىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.
كېيىنكىسىچۇ؟ ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە تارتىن-
چاقلىق قىلىدۇ، بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ، تولا ھاللاردا
جىمغۇرلۇق قىلىدۇ، توپقا قوشۇلمايدۇ، تەسىۋرلەش قى-
يىن بولغان بىر خىل بېكىنمە مىجەزلىك كېلىدۇ، ئۇلارنى
ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغانلار تىپىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.
ھازىر ھەربىر ئادەم ئۆزىدىن سوراپ بېقىشى كېرەك:
— مەن ئۆزۈمنى كۆرسىتىدىغانلارغا كىرەمدىمەن؟
— مەن ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغانلاردىنمۇ؟
— مەندە ھەر ئىككى مىجەز بارمۇ؟
ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاتاقلىق پسىخولوگىيە ئالىمىدىن
بىرىنىڭ قارىشىچە، پۇلغا قۇل بولغانلارنىڭ تەگدىن تولىسى
تەركىدۇنيا، جىمغۇر، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان پىنھانچىلار-
دۇر، مانا بۇ پۇلغا قۇل بولىدىغانلارنىڭ ھەقىقىي ئىللىتى.
ئۇلارنىڭ پىخسىقلىقى بىر خىل كېسەلدىنلا ئىبارەت،
خالاس! شۇڭا پۇلنىڭ قۇللىرىنى نورمال ئادەم دېگىلى بول-



مايدۇ، ئۇلار ئىنتايىن تارتىمچاق، ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ
قورقىدىغان غەلىتە ئادەملەردىنمۇ غەلىتىرەك.
پۇلنىڭ قۇللىرىغا ئىچ ئاغرىتساق بولىدۇ. بىلىش كې-
رەككى، ئۇ كۆڭلىدە نورمال ئادەم بولۇشنى ئويلايدۇ، ئەمما
قانداقتۇر بىر خىل يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى كونترول قىلىۋې-
لىپ ئۇنداق ئادەم بولۇشىغا يول قويمايدۇ، بۇ ھال نەقەدەر
ئازابلىق - ھە. پۇلنىڭ قۇلى بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى
بويتاق ئۆتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى تەبىئىي
ھالدا ئىپادىلەشكە قادىر ئەمەس ياكى ئۇلار ئۆزىگە ئوخشاش
مىجەزلىك ئادەمدىن بىرنى تېپىپ، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ھەم-
راھ قىلىدۇ.
ئادەتتىكى ئادەملەردە بولىدىغان نورمال ھېسسىيات بو-
يىچە ئېيتقاندا ئادەملەر پىخسىقلىقنى ئەمەس، ھامان سېخىي-
لىقنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىبىر پۇلنىڭ قۇللىرى بار، ئۇ-
لارنىڭ ھەرىكىتىدىن ناھايىتى پىخسىقلىق چىقىپ تۇرسىمۇ،
كۆڭلىدە سېخىيلىققا ئىنتىلىشىمۇ بولىدۇ؛ بىراق، ئۇلار
سېخىيلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولغان چاغدا بولسا كۆڭلىنىڭ
چوڭقۇر قاتلىمىدا مەلۇم بىر نەرسە پەيدا بولىدۇ - دە،
سېخىيلىق ئىنتىلىشىنى توسۇۋالىدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئەزەل-
دىن «كېپىكىنى چاشقانغا ئالدۇرمايدىغان» ئادەم دەپ ئاتى-
لىپ كەلگەن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا بىر ۋەسىيەتنامە قال-
دۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تاپقان - تەرگىنىنى جامائەت ئىشلىرىغا
ئىئانە قىلىپتۇ. بۇ ئادەمنى ئالساق، ئۇ ئەسلىدە بىر ساخا-
ۋەتچى، تۇغما جىمغۇر بولغانلىقتىن كۆڭلىدىكى ئىنتىلىش-
نى ئىپادىلىيەلمىگەن، ئۆلۈش ئالدىدىكى دەقىقىدە «بۇ دۇن-
يالىق» بۇ نەرسىلەرنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى چۈشىنىپ يەت-

كەن، شۇنىڭ بىلەن بىراقلا سېخىيلىق قىلىپ مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلىۋەتكەن. شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، ئەگەر ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن تېزلا جان ئۈزمىگەن بولسا، ئۇ سۆزىدىن يېنىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

پۇلنىڭ قۇلى دوست تۇتالمىغاندا پۇل يىغىش يولى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ؛ چۈنكى ئۇنىڭدىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بىر خىل قانائەت ئىستىكى بولىدۇ، شۇ يولدا ئۆزىنىڭ تۇغما ھەۋىسى بويىچە ئىزدىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ «ھوقۇق» ۋە «ھۆرمەت»تىن ئىبارەت. «پۇل ھەممىگە قادىر» دېگەن بۇ سۆز بەك ئېشىپ كەتكەن بولسا كېرەك. پۇل بىزنى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل قىلالايدۇ ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كىشىلىك تۇرمۇش ئۇچۇن بولغان كۆرەشلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما، باشقىلار بىلەن دوست بولۇش، نام ـ ئاتاق چىقىرىشنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيىتىڭىزگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان نەرى بار؟

پۇلنىڭ قۇلى بولغان كىشىنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئادەتتىكى ئادەملەر خۇشال بولىدىغان ئىشنى ئۇ ياقتۇرمايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغما مىجەزىگە لايىق كېلىدىغان بىر خىل قانائەت ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ كۆزىنى قىزارتىدىغان قانائەتكە ئېرىشەلەيدۇ؛ بۇ خىل قانائەت خۇدى پۇلنى كۈندە ھېسابلىغان چاغدىكى خۇشاللىققىلا ئوخشىشىدۇ.

پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان



يەنە بىر خىل تار، بىر تەرەپلىمە ئادەتمۇ بار. بانكىغا پۇل قويۇش ئەلۋەتتە ناھايىتى ياخشى ئادەت، بىراق پۇل قويغۇچى ئامانەت پۇلىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىسراپچىلىق نېمىشقا ئۇنى ئازابلايدۇ؟ چۈنكى، ئۇ شۇ كىشىنىڭ قىزغىنلىقىغا ئايلانغان ئادىتىنى بۇزىۋېتىدۇ. پۇلنىڭ قۇلى دائىم «مەقسەت» بىلەن «ۋاستىتە»نى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئۇنداقتا، نورمال كىشىلەر قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇ بىر تەرەپتىن، ئوچۇق ـ يورۇق، سېخىي مىجەزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى يېتەرلىك دەرىجىدە كۆچەپ بېسىشى لازىم، «بانكىغا پۇل قويۇش» ئۆزىنى بېسىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى. بانكىغا پۇل قويۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ياخشى خاراكتېر يارىتىشتا، بۇ پۇل يىغىش مەقسىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم.

ئامېرىكىلىقلاردا بىر خىل ئالاھىدە خاراكتېر بار، ئۇ بولسىمۇ «سېخىيلىق»، بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. بۇ خۇشال ـ خۇرام ياشاشتىكى بىر خىل ئەخلاق، شۇنداقلا دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئىش. ئەمما، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسىمىدىكىلەرنىڭ «ئىقتىسادچىل»لىق نامى ئەمەلىي بولۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئوخشاشلا مەشھۇر؛ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پۇلنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن كىشىلا «ئىقتىسادچىل»لىق بىلەن سېخىيلىقنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

بۇنىڭدىن چۈشىنەلەيمىزكى، پۇلنى ھەددىدىن ئارتۇق ئەزىزلەش بىزنى پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق، خاراكتېرى نورمال، ياخشى

ئادەملەر پۇل خەجلەشكە ماھىر كېلىدۇ، ئەمما پۇلنىڭ قۇلى بولغۇچىلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىدە بىر خىل تەڭپۇڭسىزلىق بولىدۇ!

## «ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر» بىلەن «كونسېرۋاتىپلار» پسىخولوگىيىسى ئۈستىدە سىناق

بىرەر خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان چېغىمىزدا دائىم مۇنداق سوئاللار تۇغۇلىدۇ:

— داۋاملىق ئىشلەش كېرەكمۇ؟

— مۇشۇ يەردىلا توختىتىش كېرەكمۇ؟

ۋەھالەنكى تۆۋەندىكى سوئاللار ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز ئازراق بولىدۇ.

— قانداق ئادەم بولۇشۇم كېرەك؟

— مەن قانداق ئادەم بولۇشنى خالىمايمەن؟

سەۋەب شۇكى، خىزمەت شەكىلگە ئىگە، بىز ئۇنى كۆرەلەيمىز، شۇڭا «ئىشلەش» ياكى «ئىشلىمەسلىك» مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ؛ «ئادەمگەرچىلىك» دېگەن بۇ نەرسە شەكىلسىز، كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىدۇر؛ گەرچە ھەممە ئادەم بۇ دۇنيادا «ياشاۋاتقان» بولسىمۇ، «قانداق ئادەم بولۇش» ياكى «قانداق ئادەم بولماسلىق»نى ئويلايدىغاندىن قانچىسى بار؟

بۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللار ناھايىتى كۆپ:

— بېرىش كېرەكمۇ، يوق؟

— قېچىش كېرەكمۇ؟



— توختىماي ئىلگىرىلەش كېرەكمۇ؟

— كەينىگە داجىش كېرەكمۇ؟

— ئىزدىنىش، تەۋەككۇل قىلىش كېرەكمۇ؟

— بۇنداق خىياللارنى كاللىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەكمۇ؟

بۇ سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابتىن خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئادەمنى بايقايمىز: بىرى، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىدىغان، قىزغىن، ئىنتىلىشچانلىققا ئىگە كىشىلەردۇر؛ يەنە بىرى، يۈرەكسىز، كەينىگە داجىپ تۇرىدىغان، ئارىسالدى، ئالغا بېسىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر. ئالدىنقىلار «ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر»گە، كېيىنكىلەر «كونسېرۋاتىپلار»غا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئادەملەرنى يەنە «كېڭىيىش خاراكتېرىدىكىلەر» ۋە «تۈگۈلگۈچىلەر» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

كېڭىيىش خاراكتېرىدىكىلەر ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. تۈگۈلۈش خاراكتېرىدىكىلەر مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قېپى ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتىدۇ. بۇ ئىككى چوڭ تىپتىكى ئادەملەرنى يەنە بىرقانچە كىچىك قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ؛ دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى پۈتۈنلەي پالانى تۈرگە مەنسۇپ دېيەلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر تۈرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئاساسەن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ؛ شۇ ۋەجىدىن سوئالنى ئۆزگەرتىپ باقساقمۇ يامان بولماس:

— سىزنىڭ ئىلگىرىلەش دەرىجىڭىز قانداق؟

ئالدى بىلەن «ئالغا ئىلگىرىلەش» دېگەن سۆزنى ئاددىي ئىزاھلاپ ئۆتىمىز: «ئالغا ئىلگىرىلەش — زېھىن - قۇۋۋەت

بىلەن ئاچ كۆزلۈكنىڭ بىرىكمىسى، ئىش قىلىشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇ، ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بىر خىل روھ؛ شۇڭا ئالغا ئىلگىرىلەش ئىنتىلىش مەنىسىگە ئىگە، ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر ئىنتىلگۈچىلەردۇر.»

يېقىندا بىر خىل سىناق ئېلىپ بېرىلدى، بىر توپ ئوقۇغۇچى ئىچىدىن ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى ئېتىراپ قىلغان ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر تىپىدىكى توقسان نەپەر ئوقۇغۇچى تاللاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن يەنە ئون ئۈچ نەپەر «ئەڭ ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى» ۋە ئون ئۈچ نەپەر «ئەڭ ئىلگىرىلىمەيدىغان»لار تاللاپ چىقىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ پەۋقۇلئاددە سىناق ئايرىم - ئايرىم ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت، بۇ ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ ئىنكاسىدا ئوخشاشماسلىقنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئىدى.

ئادەتتىكى ئۇقۇم بويىچە ئېيتقاندا، تىكىلىپ قاراشقا چىدىمايدىغان ئادەم چوقۇم ئىرادىسى ئاجىز ئادەم دەپ قارىلىدۇ. بۇ سىناق مۇنداق:

سىناق قىلغۇچى سىناق قىلىنغۇچىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىناق قىلغۇچىغا ماتېماتىكىدىن قوشۇش ئەمىلىنى ئىشلەتكۈزگەن. نەتىجىدە پەرق ناھايىتى ئېنىق بولغان، «ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغانلار» نىڭ كۆزىنى چىمچىقلاتقان قېتىم سانى «ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر» نىڭكىدىن ئون ھەسسىدەك كۆپ بولغان. «ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى» ئون ئۈچ كىشى ئىچىدىكى سەككىز كىشى كۆزىنى چىمچىقلاتمىغان، تۆت كىشى بىر قېتىمدىن چىمچىقلاتقان، يەنە بىر كىشى ئىككى قېتىم چىمچىقلاتقان. «ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغانلار» غا كەلسەك، ئوتتۇرا ھېساب



بىلەن ھەربىرى يەتتە يېرىم قېتىمدىن چىمچىقلاتقان.

ئۇنىڭ كەينىدىنلا سىناق قىلىنغۇچىلارنىڭ قوشۇش ئەمىلىنى ئىشلىگەن چاغدىكى پسىخىك ھالىتى كۆزىتىلگەن، «ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغانلار» دىكى بىئاراملىق، ھودۇقۇش، يۈرەكسىزلىك ۋە پاراكەندىچىلىك ئالامىتى ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەرنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كۆپ بولغان!

ئاخىرىدا ئېلىپ بېرىلغىنى بىرقەدەر قاتتىق بولغان «توك سوقتۇرۇش سىنىقى» دىن ئىبارەت:

ئالدى بىلەن ھەربىر كىشىگە ئانچە كۈچلۈك بولمىغان توك سوقتۇرۇلغان، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا قوشۇش ئەمىلىنى ئىشلىگەن چېغىدا يەنە بىر قېتىملىق كۈچلۈكرەك توك سوقتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويغان؛ ئەمەلىيەتتە ئۇلار تېخىمۇ كۈچلۈك توك سوقۇشقا ئۇچرىغىنىمۇ يوق، بىراق ئۇلار ھازىرلا توك سوقىدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرەپ، ئېيتقىلى بولمايدىغان بىرخىل قورقۇنچ، كەينىگە داجىش تۇيغۇسىدا بولغان. «ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر» دىمۇ قورقۇنچ بولغان، لېكىن نېرۋىسى زىيادە جىددىيلىشىپ كېتىدىغان، ئالغا باسماي كەينىگە داجىيدىغانلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەھۋال كۆپ ياخشى بولۇپ، ئۇلاردىن كۆپ تەمكىن بولغان. ئەمما، پەرق ئازايغان، «كۆزىگە تىكىلىش» سىنىقىدىكىدەك روشەن بولمىغان.

بۇ ئاددىي سىناق ئارقىلىق بۇ ئىككى خىل ئادەمنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. ئون ئۈچ نەپەر «ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغانلار» ئىچىدىكى ئىككى كىشىنىڭ نومۇرى «ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر» گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ تۆ-

ۋەن نومۇرىغا ئاران يېتەلىگەن، «ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەر» گۇرۇپپىسىدىكى ئۈچ نەپەر «ئەڭ ناچار»ى بىلەن «ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغان»لار گۇرۇپپىسىدىكى ئۈچ نەپەر «ئەڭ ياخشى»نى چىقىرىۋەتكەندە، ھەربىر گۇرۇپپىدا ئېشىپ قالغان ئوندىن ئادەم بۇ ئىككى خىل كىشىگە ناھايىتى روشەن ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئەمما شۇنى ئەستىن چىقارماڭكى، بۇ «ئىككى قۇتۇپ» تىكىلەر ئۈستىدىلا ئېلىپ بېرىلغان بىر خىل سىناق. چۈنكى، بىر توپ ئوقۇغۇچى ئىچىدىن ئون ئۈچ نەپەر «ئەڭ ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى»نى ۋە ئون ئۈچ نەپەر «ئەڭ ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغان» كىشىنى تاللىۋالدۇق؛ ئېشىپ قالغان (بىزنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىمىزگە ۋەكىللىك قىلىشقا تېگىشلىك بولغان) لارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ سىناق نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بېكىتىشىڭىز ناھايىتىمۇ قىيىن! ئەمەلىيەتتە «كەينىگە داجىپ» تۇرىدىغانلار ۋە «ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى»لەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان سىناقمۇ بار.

خۇلاسىمىز شۇكى، سىناقتا ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك؛ بىز يۇقىرىدا ئېيتقان ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان خاراكتېر — بىر خىل ئەڭ ئېسىل پەزىلەت، ھەرقانداق ئۇلۇغ ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئەمما، بىز تولا ھاللاردا نۇرغۇنلىغان ياشلارنى ئۇچرىتىمىز، ئۇلار زېرەك، ئىشچان، شۇنداقلا ياخشى تەلىم ئالغان، ئۇلار سەممىي، قىزغىن ھەم تىرىشچان؛ ئەمما ئۇلار قىلچىمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ؛ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىزنىڭچە ئۇلارنى «ياخشى ئەمەس» دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى



«ئانچە ياخشى ئەمەس». ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۇلاردا «ئالغا ئىلگىرىلەش نىيىتى» كەمچىل ياكى شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇلاردا بىر خىل «ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ» كەمچىل. ئۇلار «ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلەنمەيدۇ»، باشقىلارنىڭ «ئىلھام»لاندۇرۇشىغا موھتاج، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداقلار ئوڭاي ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

ئالغا ئىلگىرىلەش نىيىتى بولسۇن، ئاچ كۆزلۈك بولسۇن، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولسۇن، ھەتتا باشقا نامدىكى نەرسىلەر بولسۇن، ئومۇمەن ئۇ بىزگە بىر خىل «كۈچ» ئاتا قىلىدىغان نەرسە بولۇپ، «مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسى»دىن كىرىشىمىزدىكى ئاچقۇچتۇر!

## «خاتىرە»گە دائىر پسخىك قاتلام توغرىسىدا ئانالىز

ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلاشقان كۆپ ساندىكى كىشىلەردە ۋە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى داۋالاشنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇللىرىدا بىر خىل ئورتاق ئىللەت بار، ئۇ بولسىمۇ مېڭىمىزنى «تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى»، يەنە كېلىپ خاتىرىنى ماگىزىننىڭ «مال تارقىتىش بۆلۈمى» دەپ قاراش؛ ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلاشقان بولسا مۇشۇ بۆلۈمنىڭ خىزمىتى تۈگەشكەن دەپ قارىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، مېڭىمىزنى «تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى» دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ؛ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدا

ئاياغ، باش كىيىمى، قاچا - قۇچا دېگەندەكلەرنىڭ ھەربىرى بىردىن بۆلۈمگە ئايرىلغان، مال خاتىرىلەش بۆلۈمىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆڭلىمىز ناھايىتى مۇرەككەپ، كۆپ مەزمۇنلۇق بولسىمۇ، ئەمما خاتىرە ئۇنىڭ بىر بۆلىكى ئەمەس، ئۇلارنىڭ خىزمىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس، بەلكى پىكىر يۈرگۈزۈش ماھارىتىگە ياردەم بېرىدىغان بىر خىل ئاتالغۇدۇر.

مەلۇم دوستىمىزنىڭ ئىسمىنى دەرمەھەل ئەسكە ئالالمىساق، ھامان: «ئويلىنىۋالاي» دەيمىز. «ئويلىنىش»نىڭ ئۆزى بىر خىل «ئەسلەش» بولۇپ، ئەسلەشتە مەغلۇپ بولساقلا ئۆزىمىزچە «ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىم ئاجىزلاپتۇ» دەپ تۇرۇۋالىمىز.

ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئەسلەشتە مەغلۇپ بولغىنىمىز بەزى چاغلاردا «پىسخىك ئادەت»تىكى باشقا ئىللەتلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ، بولۇپمۇ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك بۇنىڭ بىر سەۋەبى، چۈنكى ئەسلەش بىلەن دىققەتنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ. بىرەر شەيئىگە قارىتا باشتىلا بىر خىل ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك تەسىرات بولمىغان تۇرۇۋۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۇزاققىچە ئېسىمىزدە قېلىشىنى قانداقمۇ ئۈمىد قىلغىلى بولسۇن؟

بەزى كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىلا ئەقىللىق ۋە زېرەك تۇغۇلىدۇ، ئۇلار كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى تۇغۇلۇشتىلا بەلگىلەنگەن، «ئۇنى ئادەم كۈچى بىلەن ئۆزگەرتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، خۇددى بوي ئېگىزلىكىنى ئادەم كۈچى بىلەن ئېگىزلەتكىلى بولمىغاندەك» دەيدىغان قاراش بار.



ئەمەلىيەتتە، ئېھتىياجلىق خاتىرىڭىزنى كۈچەپ تەشكىللەشكە قادىرسىز. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا دائىر نۇرغۇن كىتابلار بار، شۇلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ. خاتىرىدىن ئىبارەت بۇ نەرسە ھەربىر ئادەمدە كەم بولسا بولمايدۇ، شۇڭا ھەربىر ئادەم ئۇنى بىباھا نەرسە دەپ قارايدۇ.

خاتىرە پىكىر يۈرگۈزۈشىڭىزگە ھەقىقەتەن ياردەم بېرىدۇ. ئەمما بارلىق پىكىرنى خۇددى بارلىق كۆزقاراشقا ئوخشاش تاللاش كېرەك. مۇبادا كوچىدا كېتىۋاتقىنىڭىزدا يولدا ياكى ماگىزىندا كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىۋاسىنى تامامەن ئەستە قالدۇرماقچى بولسىڭىز، بۇنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە مېڭىڭىز ھەر خىل نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكتىن خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالىسىز! دېمەك، بەزى نەرسىلەرگە پەرۋا قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئەكسىچە ئېيتقاندا، ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك نەرسىنى ئەستە قالدۇرالمىسىڭىز ياكى ئۇلارنى تەشكىللىك ئەسلىيەلمىسىڭىز، ئۇ ھالدا مېڭىڭىز — تېگى تۆشۈك قولۋاققا ياكى كىمئارتۇق قىلىپ مال ساتىدىغان مىلىچمال پوكىيىگە ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزگە كېرەكلىكىنى ئەستە قالدۇرۇشىمىز ھەمدە ئۇنى سىستېمىلىق تەشكىللىشىمىز كېرەك، مېڭىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى خىزمىتىمىزنى ياخشى تەشكىللەپ بېرەلىگەنلىكىدە.

خاتىرىنى تەشكىللەش ئۈستىدە سۆز بولغاندا سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر نۇقتا بار. ئادەم تونۇشلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئەستە قالدۇرۇش كېرەك، ئەمما قا-

چاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئولتۇرغان پويىزنىڭ نامىنى ئەستە قالدۇرۇپ يۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنداق خاتىرە ھەممىمىز ئۈچۈن ئارتۇقچە يۈكتىنلا ئىبارەت. ئۆزۈمنى ئالسام، تارىختا ئۆتكەن مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتىنى ئەستە قالدۇرۇشنى ئانچە خالاپ كەتمەيمەن، گەرچە ئادەملەرنى ۋە ۋاقىتنى ئەستە قالدۇرۇش ناھايىتى قىزىقارلىق بىرخىل ئەستە قالدۇرۇش ئويۇنى بولسىمۇ...

شۈبھىسىزكى، مېڭىنى تەربىيىلەش — ناھايىتى مۇھىم مەسىلە، خاتىرە بولسا قوشۇمچە بۆلەك. ھەممىگە مەلۇمكى، بىر ئىشنى قىلىشتا شۇ ئىشنىڭ قەدەم - باسقۇچىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان مۇھىم ئىش يوق، ئاندىن كېيىن قەدەممۇ قەدەم كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەش كېرەك. ھورنان پىشۇرۇشنى ئالساق، ئۇننى قانداق تەڭشەپ يۇغۇرۇشنى، خېمىرنى قانداق بولدۇرۇشنى، ئوتنى جايىدا كونترول قىلىشنى ئالدى بىلەن بىلىش كېرەك، شۇ چاغدا ھورناننى ياخشى پىشۇرغىلى بولىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ بىر قەدىمى خاتا بولۇپ قالسا، ھورنان پىشۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشىمىز مۇمكىن! بىراق پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن يېمەكلىك پىشۇرۇشنىڭ قەدەم - باسقۇچى ئوخشاشمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پىسخىك ئادەت ئۈستىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر:

— شەيئىلەرنى كۆزىتىشىڭىز ئەتراپلىقمۇ؟

— سىزنىڭ دائىم پىكرىڭىز چېچىلىپ كېتەمدۇ؟

— سىز ئادەتتە دىققىتىڭىزنى بىپەرۋالىق بىلەن



ئىشقا سالامسىز؟ ياكى ئېھتىياتچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەنمۇ؟

قىسقىسى، «زېھنىڭىزنى يىغالامسىز؟ ياكى خىيالىڭىز چېچىلىپ كېتەمدۇ؟» بۇنى ئالدى بىلەن ئېنىق تونۇشىڭىز شەرت، ئاندىن كېيىن مېڭىڭىزنى خىزمىتىڭىزگە ماسلاشىپ ئىشلىيەلەيدىغان قىلالايسىز. ئومۇمەن پىسخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، خاتىرە تەشكىللەنگەندىن كېيىن، خېلى زور دائىرىدە ئۇنىڭ كۆپلىگەن ياخشى تەرەپلىرى كۆرۈلىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ پايدىلىق تەرەپلەرنى ئەمەلىي خىزمەتتە تەتبىق قىلالايدىغانلار ناھايىتى ئاز.

بۇ مەسىلىنى بىرەر مۇستەقىل خىزمەتتە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايسىز. مەسىلەن، «كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلى» تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە، كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق مېڭىڭىزنى تەربىيىلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىغا ئېرىشەلەيسىز، بۇ، خاتىرىنى تەربىيىلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقا بارلىق خىزمەتلەرمۇ ئوخشاش.

## «تۇيغۇ»غا ئىشىنىشكە بولامدۇ؟

ئىلگىرى نۇرغۇن پىسخولوگىيە ئالىملىرى: «تۇيغۇڭىزغا ئىشەنمەڭ!» دېيىشەتتى، بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس، چۈنكى نۇرغۇن ئىشلاردا ئاتالمىش «تۇيغۇ»غا تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ!

شۇڭا، ھازىرقى پسىخولوگىيە ئالىملىرى گېپىنى ئۆز-
گەرتىپ: «يالغۇز تۇيغۇڭىزغىلا ئىشەنمەڭ، ئەڭ ياخشىسى
ۋاقتىدا باشقا سىناقلارنىمۇ ياردەمچى قىلىڭ ياكى مۇتەخەس-
سىسلەردىن مەسلىھەت سوراڭ» دەيدىغان بولدى. بۇنى بىز
ئاقىللارنىڭ سەمىمىي مەسلىھەتى دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇ-
رالمايمىز، چۈنكى سىناق ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمى
ئارقىلىق بىز تېخىمۇ تەپسىلىي بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
بولىمىز. سەزگۈ ئەزالىرىڭىز ساغلام، مۇكەممەل بولسا،
ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا بىر مەزگىللىك تەربىيىلىنىش قوشۇلسا
چوقۇم ئاجايىپ سەزگۈر بولۇپ كېتىسىز.
بىرەر ئىش مۇتەخەسسىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ھامان، ئۇ
ئۇنى ئۇششاق بۆلەكلەرگە پارچىلاپ ناھايىتى ئەتراپلىق ئانا-
لىز قىلىدۇ، تەربىيىلەنمىگەن ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇلارغا
ھەرگىز يېتەلمەيدۇ.
تەربىيىلەنگەنلەر بىرەر شەيئىگە دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭغا
قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ ھەمدە ئەمەلىيەتكە قويۇپ
كۆزىتىدۇ، ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ خىلمۇخىل ئوخشاش بول-
مىغان تەرەپلىرىنى ئاڭلايدۇ. بۇنداق ئوخشاشماسلىقلار كۆپ
ھاللاردا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارغا ئېلىنماي-
دۇ. شەيئىگە تۇنجى قېتىم مىكروسكوپ ياكى تېلېسكوپ
بىلەن قارىغىنىڭىزدا ناھايىتى ئاز نەرسە كۆرگەندەك تۇيغۇغا
كېلىسىز، بۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، ئاستا - ئاستا
ئۆگەنسىڭىز، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئىنچىكە قىسىملىرى-
نىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيدىغان بولىسىز.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ
ھەرقانداق ئىشقا نىسبەتەن سىزدە ئومۇمىي تەسىرات بولۇشى



كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەپسىلىي كۆزىتىشىڭىز
لازىم. بۇنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرەيلى: بىر بانكا خىز-
مەتچىسى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئۆز قولىدىن ئۆتكەن
نۇرغۇن پۇل ئىچىدە گۇمانلىق پۇل بولىدىكەن، ئۇ بىر
قاراپلا بايقىيالايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ قەيىرىدە مەسىلە بارلىقى-
نى دەپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما بىر يېرى ئوخشاشمايۋاتـ-
قانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ مېتال پۇل بولسا پارقى-
راقلىقىغا ۋە رەڭگىگە قاراپلا راست - يالغىنىنى بىلىۋالىدۇ
ياكى چېكىپ بېقىپ ئاۋازىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىدۇ. قەغەز
پۇلنىچۇ؟ رەڭگى ۋە قولغا ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭغا ئاساس بولالاي-
دۇ. بۇنىڭدا ئومۇمىي تەسىرات بانكا خىزمەتچىسىگە يالغان
پۇلنى تونۇتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ خىزمەتچى ئالاھىدە ئۇ-
سۇل ئارقىلىق راست - يالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.
بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، چۈنكى ئۇ سان -
ساناقسىز پۇلنى كۆرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر ئۆلچەم
ھاسىل بولغان. ئۇ قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ توغرا
ئەمەسلىكىنى، قايسىسىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ يالغانلىقى-
نى بىلىدۇ. ئەمما، پۇل چېكىدىكى ئىمزاغا كەلسەك، پۇل
ئامانەت بۆلۈمىدە نەچچە ئون يىل ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر بارلىق
ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ پوچېركىسىنى تامامەن تونۇيالىغان
ھالەتتىمۇ بەزىدە ئالدىنىپ قالىدۇ - دە، ساختا ئىمزا قويۇل-
غان يالغان تالوننى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. بىر
ئادەمنىڭ ئىمزا قويۇشىدا كىچىك پەرقلەر بولسىمۇ چوڭ
جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش. ئەگەر بىرقانچەيلەننىڭ ئىمزا-
سىنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن بۇ ئىمزا-
لارنىڭ قولدا قويۇلغانلىقى ياكى ماشىنىدا بېسىلغانلىقىنى

پەرقلەندۈرۈش كېرەك، بۇ ئىككى خىل ئىمزانىڭ ناھايىتى
زور پەرقلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، ئۇنى بىرقاراپلا بىلى-
ۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى مۇشۇ. ئەگەر
سىز ماشىنىدا قويۇلغان ئىمزانى قولدا قويۇلغان ئىمزا دەپ
خاتا تونۇپ ئالدىنىپ قالسىڭىز، ئۇ ھالدا «ئۆز ئۇۋالىڭىز
ئۆزىڭىزگە» .

شۇنىڭغا ئوخشاش، ھۇنەر بىلەن ئۆزۈن يىل شۇغۇللاذ-
غان بىر ياغاچچى قارىغاي ياغىچى بىلەن قېيىن ياغىچىنى
پەرقلەندۈرۈشتە گەز ئىشلەتمەيدۇ ياكى ئۇنىڭغا بەلگە سېلىپ-
مۇ يۈرمەيدۇ؛ ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئىككى خىل ياغاچنىڭ
سۈپىتى ھەققىدە ئالللىقاچان سان پەيدا بولۇپ بولغان، بىر
قاراپلا قىلچە خاتاسىز پەرقلەندۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىشىك ئالدى-
ڭىزدىن ئۆي ئىچىڭىزگە بىر قۇر نەزەر سېلىپلا ئۆي جاھاز-
لىرىڭىزنىڭ قايسى خىل ياغاچتىن ياسالغانلىقىنى ئېيتىپ
بېرەلەيدۇ، ھەتتا قايسىلىرى مېكسىكا ياغىچىدىن، قايسىلى-
رى ئافرىقا ياغىچىدىن ياسالغانلىقى، بىرەر پارچە تاختاينىڭ
دەرەخنىڭ قايسى شېخىدىن كېسىۋېلىنغانلىقىغىچە ئېيتىپ
بېرەلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى بىرنەچچە مىسالدىن شۇنى ئېنىق بىلەلەي-
مىزكى، تۇيغۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن تەسىرات خۇددى بىر
پۈتۈن رەسىمگە ئوخشىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئۇنىڭدا يەنە بىرمۇنچە تەپسىلاتلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ گاھىلى-
رىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ، بەزىلىرىدىن بولسا بىر خىل توغرا
ئۇقۇمغىلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، كەندىر بىلەن پاختا
رەختنى، جىڭ ئالتۇن بىلەن ئالتۇن ھەلنى ئايرىش تۇيغۇغا
تايانغاندا ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس، خىلمۇخىل سىناق



قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلى-
دۇ. كەندىر بىلەن پاختا يىپىنىڭ تۈزۈلۈشىنى مىكروسكوپتا
كۆرۈش كېرەك؛ جىڭ ئالتۇن بىلەن ئالتۇن ھەلنى پەرقلەن-
دۈرۈشتە بولسا ئۇلارنى كۆيدۈرۈش ياكى كىسلاتا سۈيۈقلۇ-
قىدا يۇيۇپ بەرگەن ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىرىشى ئارقىلىق
ئۇلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيمىز.

دەرۋەقە، ھەرقانداق بىر خىل كەسىپتە راست بىلەن
يالغاننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆگىنىۋېلىشقا توغرا كې-
لىدۇ. دوختۇرنى ئالساق، ئۇ ياردار بولۇپ تۆلەم ئېلىشنى
تەلەپ قىلغان ئادەمنى تەكشۈرگەندىمۇ ئۇنىڭ راست يارىلاذ-
غانلىقى ياكى ساختىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي تەكشۈ-
رۈشى كېرەك.

بىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىمۇ كۈندە ئۇچرىشىدى-
غان شەيئىلەر ھەم كۆپ، ھەم مۇرەككەپ بولغانلىقتىن،
ئىنتايىن ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز
كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، ناھايىتى ئوڭايلا ئالدىنىپ قالى-
مىز.

نۇرغۇنلىغان يۇقىرى باھالىق قىممەتلىك گۆھەرلەر يا-
كى ۋاپات بولغان رەسساملارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى تەقلىد
قىلىپ ياساشقا، ئۇنى ئىنتايىن ئاز چىقىمدا بازارغا سېلىپ،
باشقىلارنىڭ غايەت زور پۇلىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا بولى-
دۇ. سودىگەرلەرنىڭ نۇرغۇن ئېلانلىرىغا ھامان بىرقانچە
ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىدىكى جۈملىلەر قوشۇپ قويۇلىدۇ:
«سودا ماركىسىنى ئېنىق تونۇۋېلىڭ؛ يالغان، ساختا ماركى-
لاردىن ئېھتىيات قىلىڭ؛ بىزدىن باشقىلاردا مۇنداق ماركا
يوق» دەپ يېزىپ قويىدۇ. بىر قېتىم ئالدىنىپ پۇلىڭىزنى

زايە قىلغان بولسىڭىز، بۇ جۈملىلەرگە ئىنتايىن «ھوشيار» بولۇپ ئىككىنچى قېتىم ئالدانمايسىز.

مەدەنىيەت قانچىكى تەرەققىي قىلسا يالغان، ساختا نەرسىلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. مەدەنىي دەۋردە ياشاۋاتقان بىزلەر كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشتىمۇ راست بىلەن ساختىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. پۇل خەجلەش ناھايىتى ئاددىي ئىش دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ھازىرقى كۈندە پۇل خەجلەشتىمۇ تەربىيەلىنىپ مۇتەخەسسىس بولغىلى بولىدۇ! بۇ شاڭخو پاراڭ ئەمەس، پۇلنى بىپەرۋالىق بىلەن خەجلىسىڭىز چوقۇم ئارقا - ئارقىدىن ئالدىنىسىز.

ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، چەكلىك زېھىن - قۇۋۋىتىمىز ھەرقانداق ئىشتا مۇتەخەسسىس بولۇشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ؛ ئۆزىمىز تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ مۇتەخەسسىسى بولالمىغانىكەنمىز، ئۇ ھالدا ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنىپ تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئۇلار سىزگە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، نۇرغۇن توغرا تەكلىپلەرنى بېرىدۇ.

ئاخىرىدا، شۇ مۇتەخەسسىسلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز، ئۇلار نۇرغۇن ئاجايىپ ئىنستىتۇتلارنى بەرپا قىلىپ، ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان بۇ دۇنيانىڭ ئالغا بېسىشىغا قوماندانلىق قىلماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، رەڭگارەڭ يالغانچىلىق، ساختىلىق، ئالدامچىلىق ۋەقەلىرىگىمۇ رەھمەت ئېيتىمىز، چۈنكى ئۇلار بولمىغان بولسا بىزنىڭ تۇيغۇمىزمۇ بۈگۈنكىدەك سەزگۈرلۈككە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى!



# قارغاشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

«دوستۇم، نېمىشقا قارغايسىز؟»

دوستىڭىزنىڭ دەرغەزەپ بولۇپ خەقنى تىللاۋاتقىنىنى كۆرگەن چېغىڭىزدا ئۇنىڭدىن مۇشۇ سوئالنى سورىغان بولغىيدىڭىز؟ ياكى ئۆزىڭىز باشقىلارنى قارغىغاندا دوستىڭىز سىزدىن مۇشۇ سوئالنى سورىغان بولغىيدى؟ سىز بۇ بىر مەسىلە بولالمايدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن.

توغرا، سىز بۇنى بىر مەسىلە دەپ قارىماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئەمما مېنىڭچە بولغاندا ئالىملار بۇ مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل يېشىشى كېرەك.

بىر تال ئالما شېخىدىن ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشكەندە ئۇنىڭغا كىم دىققەت قىلىدۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشنى بىر مەسىلە دەپ قارىمايدۇ، لېكىن نيۇتون بۇنى كۆرگەندىن كېيىن: «ئالمىنى قانداق كۈچ يەرگە چۈشۈردى؟» دېگەن سوئالنى قويغان. سىزنىڭچە بۇ سوئال ئارتۇقچىمۇ؟ ئەمما، ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ھەقىقەتەن بارىكاللا! ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق يەر مەركىزىنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقتى.

يەنە مەسىلەن، چاقماق چېقىش قەدىمدىن بۇيان بولۇپ كېلىۋاتقان ئىش، فرانكېلىنغا كەلگەندىلا ئۇ گۇمانسىراپ: «نېمىشقا چاقماق چېقىلىدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويدى، ئۇنىڭ بۇ سوئالىغىمۇ بارىكاللا! شۇ سوئال بىلەن ئۇ ئېلېكتىر كۈچىنى تاپتى.

ھازىرمۇ پسىخولوگىيە ئالىملىرى: «نېمىشقا يىغلايمىز، كۈلىمىز؟ نېمىشقا قارغايمىز؟» دېگەن سوئالنى قوي-

ماقتا. سىزنىڭچە بۇ بەك ئاددىي سوئالمۇ؟ ئاددىي ئىشنىڭمۇ
سەۋەبى بولىدىغۇ؟ ئادەمنىڭ ھېسسىياتى چىڭقىلىپ چېكىگە
يەتكەندە بىر خىل كۈچ ھاسىل بولۇپ، بۇ خىل ھېسسىياتنى
سىرتقا چىقارغۇسى كېلىدۇ، شۇ چاغدىلا ئۆزىنى راھەت
ھېس قىلىدۇ. دەرۋەقە ئىچىڭىزگە تىنىپ ئولتۇرۇۋەرسە-
ڭىز بولمايدۇ. يىغلىشىڭىز، كۈلۈشىڭىز، قارغىشىڭىزنىڭ
سەۋەبى مانا شۇ. يىغلىغان، كۈلگەن، قارغىغاندىلا ئىچىڭىز
بوشاپ، راھەتلىنىپ قالىسىز، شۇڭا كېيىنكى كەلگەندە پۇخا-
دىن چىقىۋېلىش كېرەك.
بۇنىڭغا مىسال ناھايىتى كۆپ: ئايال كىشى ئەڭ ئازاب-
لانغاندا ياكى ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا ھامان ئۇنىڭ
بارچە يىغلىۋالسا، كۆز يېشى ۋە ئېسەدەش ئۇنىڭ ئازابىنى
يەڭگىللىتىدۇ؛ چىش دوختۇرى چىشىڭىزنى يۇلغاندا ئاغرى-
دۇ، شۇنىڭ بىلەن تولۇلايسىز، تېپىرلايسىز؛ ئىنتايىن خۇ-
شال بولغان چېغىڭىزدا قورسىقىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئورۇن-
دۇقىڭىزنى ئىرغاڭشىتىپ بولۇشىغا كۈلىسىز، قورسىقى-
ڭىزنىڭ ئاغرىغىنىغىمۇ پىسەنت قىلمايسىز. چۈنكى، ھېس-
سىياتىڭىز بەكلا قوزغىلىپ كەتكەن بولىدۇ ـ دە، ئۇنى
ئىپادىلىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، ھېسسىياتىڭىزنى مۇسكۇل-
لارنىڭ ياردىمى بىلەن چىقىرىشقا مەجبۇر بولىسىز.
ھەرخىل كەيپىياتلار ئىچىدە ئەڭ ئەشەددىي ئىپادىلىنى-
دىغىنى «غەزەپ» تۇر! بۇ خىل ھېسسىيات قوزغالغاندا ئىم-
كانىيەتلىك دائىرىدە ئادەم ئۇرغۇڭىز، مورلىغۇڭىز ياكى
چىشلىگۈڭىز كېلىدۇ. بۇ خىل ۋەھشىي قىلمىشلارنى قىلال-
مىغاندا تىلىڭىز ئارقىلىق پۇخادىن چىقىسىز، تىل ئارقىلىق
ئىپادىلەيسىز. بولۇپمۇ ھازىرقى مەدەنىي زاماندا، نۇرغۇن



ھېسسىياتلارنى بولۇشىغا قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، شۇڭا بۇ
ھېسسىياتلارنى ھەرخىل تەڭداش ئۇسۇللارنى تېپىپ سىرتقا
چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.
چوڭ بىرەر زەربىگە ئۇچرىغان چېغىمىزدا، ئۇنى سىرت-
قا چىقىرىشقا بولمىسا ياكى سىرتقا چىقىرىشقا يول قويۇلمىسا
تىياتىرخانىلارغا كىرىمىز، چۈنكى ئۇ جايلاردا خۇشال كۈلكە
سادالىرى، ياكى قايغۇ ـ ھەسرەت، ياكى ھەيران قالارلىق
بىرەر كۆرۈنۈش سىزنى مەجنۇنلارچە چاۋاك چېلىشقا مەجبۇر
قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىڭىزدىكى جىددىي كەيپىيات
كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئويۇن كۆرۈش پۇخادىن چىقىش-
نىڭ ئەڭ ياخشى تەڭداش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.
پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن قا-
رىغاندا، «قارغاش» بىلەن «غەزەپلىنىش» بىۋاسىتە باغلى-
نىشلىق بولۇپ، قارغاشنى غەزەپلىنىشنىڭ تەڭداش ئۇسۇلى
دېيىشكە بولىدۇ. بىر ئادەم غەزەپلەنگەندە باشقا ئادەمنى
ئۇرالمىسا ياكى ئۇرغۇدەك ئادەم بولمىسا دەرھال بىر خىل
سىلىق ئۇسۇل بولغان قارغاش ئارقىلىق ئۆز غەزىپىنى چى-
قىرىۋالىدۇ. بىرقەدەر بىۋاسىتە قارغاش: «ئۆلگۈر، يوقال
كۆزۈمدىن!» دېگەندىن ئىبارەت. ئەمما بەزى چاغلاردا ئى-
شىك ئېچىلماي قالسا ياكى تۈگمىمىز چۈشۈپ قالسا، ئاپتو-
بۇسقا ئۈلگۈرەلمەي قالساق ئاددىي تىل بىلەن «خۇدا
ئۇردى!» دەپ قويىمىز. بەزى چاغلاردا بۇ خىل ئاددىي تىل
بىلەن غەزىپىمىزنى سىرتقا چىقىرىشمۇ مەنئى قىلىنىدۇ. ئۇ
ھالدا جىددىي تىنىش ياكى كۆڭلىمىزدىكى ئوي ـ پىكىرنى
غەزەپلىك چىراي ئارقىلىق ئىپادىلەيمىز. قارغاشنىڭ ئىك-
كىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان رولىمۇ بار تېخى! سىز بىرەر

ئىشنى تېخىمۇ ئېغىر كۆرسەتمەكچى ياكى ئۆزىڭىزنىڭ
قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندىمۇ ئۇنىڭدىن
پايدىلىنىسىز.

قارغاش ھەققىدە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر
نۇقتا بار. قارغاش ئەسلىدە ناھايىتى قاتتىق ئەيىبلەش.
چۈنكى، ھەممە ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەخت تىلىشىنى
ئۈمىد قىلىدۇ، قارغاشقا قالىدىغان بولسا، راستتىنلا قارغى-
شى تېگىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ھەممىلا كىشى باش-
قىلارنىڭ بەخت تىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، قارغىشىدىن بى-
زار بولىدۇ، قورقىدۇ. باشقىلارنى قارغاش ھېچبولمىغاندا
ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى باشقىلار-
نى قورقۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. ناۋادا بىر بالا
سىزنى قارغىسا، قىلچە پىسەنت قىلمىسىڭىز، ئۇ ھالدا ئۇ
تازا مەنىسىزلىك ھېس قىلىدۇ!

يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتساق، بىرمۇنچە كىشىلەر باش-
قىلارنى قارغىغاندا خۇدانى تىلغا ئېلىشقا ئامراق، ئۇلارنىڭ
غەرىزىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس، ئۇلار باشقىلارنى تازا
قورقۇتۇشنىلا ئويلايدۇ، خالاس! شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر
خۇداغا سەجدە قىلىپ تۇرۇپ قەسەم بېرىدۇ، تاكى بۈگۈنگە
قەدەر سوتتا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر ئىنجىلنى تۇتۇپ تۇرۇپ
قەسەم بېرىپ كەلمەكتە. بىراق، چوڭ ئىش بولماي، غەزى-
پىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈنلا قىلىنغان گەپ بولسا، خۇدانى
تىلغا ئالغان ھالەتتىمۇ ئۇ كىشىلەرنى ئۇنچىۋالا چۆچۈتەلمەي-
دۇ.

ئاخىرىدا قارغاشتا ئىشلىتىلىدىغان تىلغا كەلسەك، ئو-
مۇمەن جەمئىيەتتە ئورتاق ئىشلىتىلىۋاتقان تىل ئىشلىتىل-



دۇ. شۇڭا قەدىمكى زاماندىكى قارغاش تىلى بۈگۈنكى كۈندە
ئىشلىتىلسە كىشىلەرنىڭ ئۇنى قارغاش دەپ بىلىشى ناتايىن.
A رايوندا ئىشلىتىلىدىغان قارغاش تىلى B رايوندا ئىشلىتىل-
سە، ئۇمۇ ئەسلىدىكى ئۈنۈمىنى يوقىتىشى مۇمكىن. كۆرۈ-
ۋېلىشقا بولىدۇكى، قارغاش باشقا كەيپىيالارغا ئوخشاشماي-
دۇ، ئۇنىڭدا پەۋقۇلئاددە پىسخىكا ھەمدە ئالاھىدە ئادەت
مەسىلىسى مەۋجۇت.

## «ئەسەبىي تەرسالىق»قا نەزەر

XX ئەسىرنىڭ بېشىدا گېرمانىيىلىك روھىي كېسەللىك
ئالىمى گرابورىن: «ئەسەبىي تەرسالىق ئالامىتى ئېنىق بىر
خىل روھىي كېسەلدۇر» دەپ جاكارلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا «نېرۋىسى ئېلىشىپ قېلىش» دېگەن بۇ ئاتالغۇمۇ
تارقىلىشقا باشلىدى.

ئەمما، «ئەسەبىي تەرسالىق» نىڭ ئادەتتىكى بىر خىل
مىجەز ئىكەنلىكى بۈگۈنكى كۈندە ئورتاق ئېتىراپ قىلىندى.
شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمۇ «ئەسەبىي
تەرسالىق» تىن ئادەتتىكى تەرسالىققا يۆتكەلدى. چۈنكى،
«ئەسەبىي تەرسالىق» تىن «نېرۋىسى ئېلىشىپ قېلىش» دە-
رىجىسىگە بارىدىغانلار تولىمۇ ئاز بولىدۇ. راستىنى ئېيتقان-
دا، بىز دائىم ئۇچرىتىدىغان ئادەتتىكىچە «ئەسەبىي تەرسا»
لارنىڭ سىز بىلەن مەندىن ھېچقانچە پەرقى يوق.

«ئەسەبىي تەرسالىق» كېسىلى نېمىشقا پەيدا بولىدۇ؟
نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۈرگۈزگەن تەھلىلىنىڭ نەتى-
جىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە «ئەسەبىي تەرسالىق» نىڭ

يۈز بېرىشىدە توققۇز باسقۇچ بولۇپ، ھەربىر ئادەم بىلىپ - بىلمەي بۇ يولغا مېڭىپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن، كېيىن ئۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ باردىكەن. بىراق، كۆپ ساندىكى كىشىلەر يېرىم يولدا ھوشىنى تېپىۋېلىپ، يەنىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتمەيدىكەن، شۇڭا ئەسەبىيلىكتىن ساقلىنىپ قالىدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بۇ توققۇز باسقۇچ تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى باسقۇچ: بۇ دۇنيادا مەلۇم نەرسىنى ئىگىلەشنى، ھوقۇققا ئېرىشىشنى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بولۇشنى ئويلاش؛

ئىككىنچى باسقۇچ: مەلۇم توسالغۇ ئۇنى غايىسىگە يەتكۈزمىگەن بولۇش؛

ئۈچىنچى باسقۇچ: ئۇنىڭ ئارزۇسى قانائەتلەندۈرۈلمەي، خاپىلىقتىن خالىي بولالمىغانلىقتىن ئۆزىنى ئاجىز، كېرەكسىز دەپ ئويلاش ھەمدە ئىنتايىن خىجىللىق ھېس قىلىش؛

تۆتىنچى باسقۇچ: ناھايىتى ئىچى پۇشۇدىغان بولۇپ قېلىش، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا قانچە تىرىشسىمۇ كۈچى بىكار كېتىش؛

بەشىنچى باسقۇچ: ئۆز خاتالىقىنى بويىنغا ئالماسلىق، مەغلۇبىيەتنى تەقدىرگە دۆڭگەپ قويۇش؛

ئالتىنچى باسقۇچ: گۇناھنى ئەتراپىدىكىلەرگە قويۇش، يامان غەرەز بىلەن ئاستىرتىن بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان بىرى بار دەپ ئىشىنىش؛

يەتتىنچى باسقۇچ: «چاكىنا ئادەملەرگە ھېچكىم زىيانكەشلىك قىلىپ يۈرمەيدۇ» دېگەن قائىدىگە ئاساسەن ئۆزد-



نىڭ خەقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شەخس ياكى قالتىس ئۇلۇغ ئەرباب ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلاش؛

سەككىزىنچى باسقۇچ: مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى بارلىق خاپىلىقلارنى روھىي غالىبىيەت يوقىتىۋەتكەن بولۇش، ئۆزىگە بىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تېخىمۇ مۇئەييەنلەشكەن ۋە رازى بولارلىق ئىزاھاتقا ئېرىشكەن بولۇش؛

توققۇزىنچى باسقۇچ: بۇ تەلۋىلەرچە پىكىرلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە سىستېمىلىق قاراش بولۇپ شەكىللەنگەن ھەمدە قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاشقان بولۇپ، نەتىجىدە ئەسەبىي تەرسا بولۇپ قېلىش.

«ئەسەبىي تەرسالىق» نىڭ يۈز بېرىش دەرىجىسى ۋە سۈرئىتى ھەربىر ئادەمنىڭ مىجەزى بىلەن ناھايىتى مۇناسىۋەتلىك، ئەزەلدىن ئۈمىدۋار ئۆتكەنلەر بۇ يولغا ئاسانلا مېڭىپ قالىدۇ. روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىلىرىدا بىرمۇنچە «ئەسەبىي تەرسا» لارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىك، چوڭ كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتلىرىنى قىلىۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەزەلدىن ئۈمىدسىز ئۆتكەنلەر باشقىلار ماڭا زىيانكەشلىك قىلىۋاتامدىكىن دەپ گۇمانسىراپ، دائىم ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن گۇمان قىلىپلا يۈرىدۇ، بۇ ھال ئۇلارنى كېچە - كۈندۈز ساراسىمىگە سالىدۇ، بىرى مېنى يوشۇرۇن ئوينىتىۋاتىدۇ دەپلا ئويلايدۇ.

ناۋادا كەسىپ بويىچە ئايرىساق، ئادۋوكات ۋە سىياسەتچىلەر «ئەسەبىي تەرسالىق كېسىلى» گە ئەڭ ئوڭاي گىرىپتار بولىدۇ. چۈنكى، بۇ كىشىلەر ئادەتتە باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىش، ئۆزىنى قەدىرلىك، چوڭ كۆرسىتىش، خورىكى

ئۇستۇن بولۇش، ئىرادىسى قەتئىي بولۇشنى مۇۋەپپەقىيەت-
نىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەت-
گىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى
ساقلاشنىلا بىلىدۇ، باشقىلارنى ئەيىبلەشكە ياكى ئۆزگىگە
گۇناھ ئارتىشقا ئامراق كېلىدۇ. مانا بۇلار «ئەسەبىي تەرسا-
لىق» شەرتىنى تولۇق ھازىرلىغان بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىنى قالتىس ھېسابلاش ياكى باش-
قىلاردىن گۇمانسىراش جەھەتتە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەر-
مۇ ناھايىتى ئوڭايلا «ئەسەبىي تەرسالار»دىن بولۇپ قالىدۇ.
«ئەسەبىي تەرسالار»نى كېرەكسىز ئادەم دەپ قارامسىلەر؟
باشقىچە ئېيتقاندا، «ئەسەبىي تەرسالىقى» بارلاردا ئۈمىد يوق
دېگىلى بولامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، تارىختا ئۆتكەن بىرمۇنچە
قەھرىمان شەخسلەر تولا ھاللاردا ئاز - تولا «ئەسەبىي
تەرسالىقى» بارلاردۇر. بۇنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ
باقايلى:

ئالدى بىلەن ناپالېئون ئۈستىدە توختىلايلى، ئۇ نامرات
ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى ئىنتايىن پاكار
ھەم ئاۋاق ئىدى، دائىم فرانسىيىلىكلەرنىڭ كەمسىتىشىگە
ئۇچرايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى «مەن باشقىلارغا يەت-
مەيمەن» دەپ ئەپسۇسلاندۇراتتى. بۇ خىل تەسىراتلارنىڭ
ئەكس تەسىرىدە ئۇنىڭدا ئۆزىنى چەكسىز قەدىرلەش تۇيغۇسى
پەيدا بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە: «ئەتراپىمدىكى-
لەرنىڭ ھەممىسى ماڭا دۈشمەن، دۇنيادا ئىشەنگۈدەك بىرمۇ
ئادەم يوق» دېگەن خىيالدا بولغان. بۇ ھال ھەتتا ئۇنىڭدا
ئۆزىنىڭ سىرداش مۇھاپىزەتچىسىمۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقىدى-
غاندەك گۇمان پەيدا قىلغان. ناپالېئوننىڭ ئۆمۈر مۇساپىسى-



گە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ «ئەسەبىي تەرسا» مىجە-
زىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

ئەمدى زۇڭتۇڭ ۋېرسون ئۈستىدە توختىلايلى، ئۇنىڭ
ئۆسمۈر ۋاقتىدىن تارتىپ قېرىپ ئالەمدىن ئۆتكۈچە سىرداش
دوستى بولۇپ باقمىغان. پرىنستوندىكى چاغلىرىدا، ئۇنىڭ
كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرمۇ ئوقۇتقۇچى ياكى خىزمەتچى چىق-
مىغان. ۋاشىنگتوندىكى ئىچكى كابىنېت ۋە پارلامېنت ئى-
چىدىمۇ شۇنداق بولغان. بىر قېتىم ئۇ ساقسىز بولۇپ
قالغاندا دۆلەت كاتىپى رېيىسىن ھۆكۈمەت ئىشىغا دەخلى
يېتىپ قېلىشتىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ شىپاخانىسىغا
ئاتايىن كېلىپ قائىدە بويىچە يۇرگۈزۈلىدىغان ھۆكۈمەت
ھۆججەتلىرىنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭنىڭ ئىمزاسى بىلەن تارقى-
تىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى ھەققىدە يولىيورۇق سو-
رىغان. مانا مۇشۇ يولىيورۇق سوراش ئۇنى قاتتىق خاپا قىل-
غان - دە، دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ رېيىسىننى ۋەزىپىسى-
دىن ئېلىۋەتكەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قانچە قېتىم سادىر
قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بەزى
دوستلىرىمۇ ئاخىرى ئۇنىڭغا قارىمايدىغان بولغان! ئۇنىڭ
ئاخىرقى ئۆمرى گۇمانسىراش، غەزەپ - نەپرەت، شەپقەت-
سىزلىكنىڭ سايىسىدە ئۆتكەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرسالارنىڭ چاكىنا
ئادەم بولۇشى ناتايىن، بۇنى پاكىتلار تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرى-
دۇ. ئەكسىچە پاكىتلار بىزنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرىدۇكى، بۇ
خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار گاھى چاغلاردا ئۇلۇغ ئىش-
لارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىن. ناپالېئون، ۋېرسون
قاتارلىقلار بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ.

نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىل يۇرگۇزۇش نەتى-
جىسىگە ئاساسلانغاندا، «ئەسەبىي تەرسالار» تۆۋەندىكىدەك
ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدىكەن:

بىرىنچى، ئۆزىنى ھەددىدىن ئارتۇق قەدىرلەش، ئۆزىنى
قالتىس ھېسابلاش، ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىش، ھاكاۋۇر
بولۇش، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك.

ئىككىنچى، دائىم: «باشقىلار ماڭا دىققەت قىلىۋاتى-
دۇ» دەپ گۇمانسىراش ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن خاپىلىق
تارتىش.

ئۈچىنچى، قەيسەر، كەسكىن، ئالدىراقسان، جاھىل،
شۇنداقلا كىنايىچى بولۇش.

تۆتىنچى، مۇھىتقا ئۇيغۇنلىشىشنى خالىماسلىق، بىرەر
ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مۇزاكىرىلىشىشنى خالىماسلىق، يول
قويۇشنى ياكى پۇتۇشۇشنى بىلمەسلىك.

بەشىنچى، گۇمانخور، ئۆچ ئېلىشقا ئامراق بولۇش،
ئاداۋەت ساقلاش...

ئالتىنچى، ئادەم تىللاشقا ئامراق بولۇش، ئىرناق ئاس-
تىدىن كىر ئىزدەش، ھەممە ئىشتا تەلەپنى ھەددىدىن ئاشۇ-
رۇۋېتىش، ھەسەتخورلۇقى كۈچلۈك بولۇش، قورسىقى تار
بولۇش.

يەتتىنچى، تاجاۋۇزچىلىق يولى بىلەن ئۆزىنى قوغ-
داش، سۆز تالىشىشنى ياخشى كۆرۈش، دائىم چاتاق چىقى-
رىپ ئىش تېرىپ يۈرۈش ۋە ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىش.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان خۇسۇسىيەتلەر بىر ئادەمدە تولۇق
بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما مەلۇم شەخستە بۇلارنىڭ يېرىمى-
دىن كۆپرەكى ھازىرلانغان بولسا، ئۇ تەرسالار قاتارىغا قېتى-



لىش سالاھىيىتىگە مۇتلەق ئىگە بولغان بولىدۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەر ھاياتلىق ياكى ھېسسىيات توسالغۇ-
سىغا دۇچ كەلگەندە تولا ھاللاردا تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقى-
لىق تاقابىل تۇرىدۇ:

— ئالغا بېسىش ھەمدە ھۇجۇم قىلىش!

— تەسلىم بولۇش!

— قېچىش!

بىرىنچى خىلدىكىلەر ئاسانلا تەرساغا ئايلىنىدۇ، ئىك-
كىنچى، ئۈچىنچى خىلدىكىلەر باشقا جەھەتتىكى قىيىنچى-
لىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆرلۈك خۇسۇسىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئا-
ساسلىقى «تاجاۋۇزچىلىق» تىن ئىبارەت. تاجاۋۇزچىلىقنى
ياقتۇرۇش ئەرلەردە بولىدىغان بىر خىل تىپىك خۇسۇسى-
يەت، بۇ ئاياللاردا ئازراق ئۇچرايدۇ، شۇڭا تەرسالىق ئومۇ-
مەن ئەرلەردە كۆپ بولىدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئازراق تەرسالىقنىڭ ھېچقانداق
زىيىنى يوق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا تەرەققىياتىغا
نىسبەتەن ئىنتايىن زور پايدىسى بار. ئادەمدە قىلچە تەرسا
مىجەز بولمىسا، ئۇ ئاجىز، قەتئىيەتلىكى ۋە بەرداشلىق
بېرىش ئىقتىدارى يوق قابىلىيەتسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ مىجەزىمىزنى تەھلىل قىلى-
شىمىز كېرەك، ئەگەر ئاز - تولا تەرسا مىجەزىمىز بارلى-
قىنى سەزسەك، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كېتىش ھاجەتسىز،
بەلكى ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشىمىز كېرەك. كەلگۈسىدە
ناپالېئون ۋە ۋېرسوندەك ئادەم بولۇپ چىقىش - چىقماسلىقى-
مىزغا كىم بىرنېمە دېيەلەيدۇ؟ ئەمما، تەرسالىقنىڭ خىلمۇ-

خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەرەققىي قىلدۇ-
رۇۋەتمەسلىكىمىز، بەلكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بو-
لۇشىمىز، بولۇپمۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان سالى-
دىغان يامان ئادەتنى تامامەن يوقىتىشىمىز لازىم.
بىر تەشكىلات ئىچىدە ئەقىللىق، كۈچى بار، پائالىيەت-
چان بىرنەچچە تەرسانىڭ بولغانلىقى ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك
بىر ئىش. ئۇلار باشقىلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى ياكى
باشقا يولسىز ئالدامچىلىق قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى-
دىن ھەرۋاقىت گۇمان قىلىدۇ ۋە مۇداپىئەلىنىدۇ. ئۇلار
ناھەقچىلىكلەرگە ۋە باشقىلارنىڭ خاتالىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل
بۆلىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئىشنى يەڭگىللىك بىلەن بولدى
قىلىشۋەتمەيدۇ.
ئەمما، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، تەرسالار بەزىدە
«ئەڭ زور توسالغۇ» مۇ بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئادىل ھۆكۈمە-
نى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ
ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولغان بىرەر دەۋا ئۈستىدە ناھايىتى
ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىشتىن ئايانمايدۇ ياكى باشقىلارنى
خارلايدىغان، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان نۇرغۇن ئىش-
لارنى قىلىپ قويىدۇ. ئۆزى قاتناشقان تەشكىلات ئىچىدە
دائىم قىلچە ئەھمىيىتى يوق قىيىن مەسىلىلەرنى پەيدا قىلى-
دۇ. سودا دۇكىنى ۋە زاۋۇتتا بولسا ئۇلار پاراكەندىچىلىك
سالغۇچىلاردۇر. ئەگەر، دىرېكتور تەرسادىن بىرىنى بىرەر
ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئۆز بېشىغا ئۆزى پىت
تېرىغان بولىدۇ.
ئەر - ئاياللىق مۇھەببەتتىمۇ تەرسالار ئۈچۈن ياخشى-
لىق يامانلىقتىن ئاز بولىدۇ، ئۇلاردىن جۈپتى بىلەن «چې-



چىغا ئاق كىرگۈچە چىرايلىق ئۆتىدىغان» لىرى جەزمەن ئاز
ئۇچرايدۇ. بەزىدە «تەرسالىق» مۇ يۇقىدۇ، تەرسا ئەرنىڭ
ئايالىغىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەرسالىق يۇقۇپ قالىدۇ.
ئۇنداقتا، بۇ تەرسالارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كې-
رەك؟ روھىي كېسەللىك ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، ھەددى-
دىن ئېشىش يولىغا ماڭغانلارغا زادىلا چارە يوق. ئەر -
ئاياللىق مۇناسىۋەتكە ياكى ياللىغۇچى بىلەن ئىشچى - خىز-
مەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بىرقەدەر مۇۋاپىق پە-
كىر - تەكلىپلەرنى قويۇشقا بولىدۇ:
بىرىنچى، مۇنازىرىلىشىشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى،
ئۆزئارا قارشىلاشقاندا ئاسانلا تەرسالىق كېسىلىنى پەيدا
قىلىدۇ.
ئىككىنچى، ئالدى بىلەن تەرسالىق خاھىشى بارلارنىڭ
پىكىر بايان قىلىشىغا يول قويۇڭ، ئۇنىڭ پىكرىنى تازا
ياقلىمىغان تەقدىردىمۇ ئارىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قېلىشتىن
ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشمەڭ. سىز ئۇنى
بىر ئۇلۇغ شەخس دەپ قىياس قىلىپ بېقىڭ، شۇنداق بول-
غاندا ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىشنى
ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا ياردەم بېرەلەمسىز، يوق؟
ئۈچىنچىسى، تەرساغا يولۇققىنىڭىزدا ئۇنىڭغا ياردەم بەر-
سىڭىز، ئىلھام بەرسىڭىز بولىدۇ، ئۇنىڭ قىلمىقىنى چوقۇم
تۈزىتىشىڭىز ھاجەت ئەمەس. چۈنكى، بۇ خىل تەرسالىق
قىلمىشنى ئىنتايىن يامان دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇ شۇ كىشىنىڭ قېنىغا سىڭگەن تۇغما خاراكتېر.
ئۆزىمىزگە كەلسەك، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىمىزنى زىيانلىق
تەرسالىققا مايىل قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. بۇنىڭدىمۇ

بىرمۇنچە ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. ھەممىمىزنىڭ باشقىلارغا يەتمەيدىغان تەرىپىمىز بار، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىلغانلىكى ئىشىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىمۇ ناتايىن. ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىمىزنى ئېنىق تونۇساق، كەلگۈسىدىكى كىشىلىك تۇرمۇشنى تولۇق چۈشەنسەك، ئۆز ئىقتىدارىمىزدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئىشنى قىلىشقا قارىغۇلارچە ئۇرۇنۇپ باقمايدىغان بولىمىز. بۇنداق بولغاندا ھەددىدىن ئارتۇق مەغلۇپ بولمايمىز، ھەددىدىن ئارتۇق مەيۇسلىنىپمۇ كەتمەيمىز، دەرۋەقە نورمال بولمىغان ھالدا ئۆزىمىزنى قالتىس چاغلايدىغان روھىي ھالەتمۇ پەيدا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئورۇنسىز گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىش كېرەك. باشقىلار ھەققىدە گۇمان تۇغۇلغاندا ئۆپكىمىزنى بېسىۋېلىپ ئوبدان ئويلىنىپ، ئۆزىمىزگە: «نېمىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن؟ ئۇنىڭدا مەن گۇمانلىنىشقا ئەرزىگۇدەك نېمە بار؟» دېگەن سوئالنى قويساق بولىدۇ، قايتا ـ قايتا ئويلانساقلا گۇمان يوقىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىش تەس، ناۋادا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىمۇ مەغلۇبىيەتنى ۋە قىيىنچىلىقنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۆزىمىزنى ئوڭۇشسىز سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇلۇغ كىشىلەر ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈش ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر، ئاندىن كېيىن ئۆزىمىزنى تەڭشەپ تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

بىلىش كېرەككى، تەرسا مىجەز ئەسلىدە بىر خىل نورمال ئىنسان تەبىئىتى؛ ئىشلىتىش مۇۋاپىق، كونترول قىلىش جايىدا بولسىلا، ئۇ خىل مىجەز ئىنتايىن پايدىلىق؛ بىراق ئۇنى كونترول قىلماق قىيىنراق.



## «تارتىنچاقلىق كېسىلى»نى تۈگىتىش

دائىم يۈزىڭىز قىزىرامدۇ؟ كېكەچلەپ قالامسىز؟ ھەتتا گەپ قىلالماي قالامسىز؟ مەيدانغا چۈشۈپ تانسا ئويناشتىن قورۇنامسىز؟ ياكى باشقا جامائەت سورۇنلىرىدىمۇ شۇنداقمۇ؟ ئۆزىڭىزدىن مەرتىۋىلىكرەك كىشىلەر سىزنى يوقلاپ كەلسە ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتەمسىز؟ يات كىشىنى كۆرگەندە قورۇنامسىز؟ ئەگەر بىر كىشى سىزگە تىكىلىپ قارىسا بىئاراملىق ھېس قىلامسىز؟ ھەتتا نېمە قىلىشىڭىزنى بىلمەي قالامسىز؟ يات جىنسلىقلار بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ھودۇقامسىز؟ ھەرىكىتىڭىز قولاشماي قالامدۇ؟ ھېلى بېشىڭىزنى تۈتسىڭىز، ھېلى ئېغىزىڭىزنى سۈرتەمسىز؟ ياكى ياقىڭىز ۋە كىيىملىرىڭىزنى تۈزەشتۈرەمسىز؟ ئەگەر ئايال كىشى بولسىڭىز ئۇپا ۋە ئەڭلىكنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلىتەمسىز؟ خەقلەر سىزگىلا قاراۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولامسىز؟ ئۆزىڭىزدە يېتەرسىزلىك بارلىقىنى ھېس قىلغاندا، تىنماي غەم يەپ، بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى قانداق يوشۇرارمەن دېگەن ئويدا بولامسىز؟ كۆپچىلىك ئالدىدا بىرى ھاراق ئىچىشكە، تانسا ئويناشقا ياكى سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلسا قورۇنۇپ كەينىڭىزگە داجىمسىز؟ جىنسىڭىزنىلا ئويلاپ يۈرەمسىز؟

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھالەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزدىمىزگە ھەددىدىن ئارتۇق دىققەت قىلغانلىقىمىزدىن پەيدا بولغان، باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل قاتتىق «تارتىنچاقلىق كېسىلى» دۇر. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئەر ـ ئاياللاردا بىر خىل قورۇنۇش

ئىللىتى بولىدۇ. ھالبۇكى بۇ كىشىلەردىكى قورۇنۇشنى ياخشى تەھلىل قىلساق، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاجەتسىز!

ھەرقانداق قورۇنۇشنى يېڭىشنىڭ چارىسى بولىدۇ. پسىخىك كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان دوختۇرلار ئۆزلىرىنىڭ زور كۆپ قىسىم زېھىن - قۇۋۋىتىنى تەتقىقات ئىشىغا بېغىشلىماقتا، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۇ خىل كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى تېپىشتىن ئىبارەت.

تارتىنچاقلىق بىر خىل ئەڭ ئادەتتىكى كېسەللىكلەردىن بولىسمۇ، لېكىن گىرىپتار بولغۇچىلارنى ناھايىتى قاتتىق ئازابلايدۇ. پاكىتلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بۇ، داۋالاش ناھايىتى ئاسان بولغان بىر كېسەللىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنى گىرىپتار بولغۇچىلار ئۆزى يېڭىپ كېتەلەيدۇ. تۆۋەندە بۇنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىمەن:

يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن مارى ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى، ئۇ ساغلام، ئەقىللىق، گۈزەل، باي، مۇلايىم، ئىجتىمائىي ئورنى بار، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە تەربىيە كۆرگەن، ئۆزىنى پەردازلاشقىمۇ ماھىر. قىسقىسى، كىشىلەر شۇ بولسىلا بەختلىك بولغىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭدا بار دېيىشكە بولاتتى! قورقۇنچلۇق بولغىنى شۇكى، ئۇنىڭدا بىرلا نەرسە كەم ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى. شۇڭا، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بەختنى ئۇنىڭ بۇ «يېتەرسىزلىكى» پۈتۈنلەي بۇزغان، ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلانغان. دۇرۇس، مەن كۆرگەن قىزلار ئىچىدە مارىدىن ئەڭ ئازابلانغان قىز دېسە بولىدۇ!



ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندە قىلىقلىرى ئەسەبىيلەشكەن بولۇپ، ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ: «ھەر قېتىم بىرى مېنى چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغاندا بۇ بىر خىل خەلقئالەم ئالدىدا بولىدىغان ئۇچرىشىش دەپ ئويلايمەن - دە، قورقۇشقا باشلايمەن. توۋا! قورقۇنچلۇق بۇ كۈن تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، گېلىم قۇرۇيدۇ، شۇ كۈندىكى ئۇچرىشىشنى ئويلىساملا كانىيىم ئاغرىپ كېتىدۇ! شۇڭا مەن بارلىق تەكلىپلەرنى رەت قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن! مەن ئۇچۇن يات ئادەم بىلەن ئۇچرىشىش ئەڭ زور ھەم ئەڭ قاتتىق ئازاب! ئۆزۈمچە ئەجەبلىنىمەن — مېنىڭ كۆزۈممۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشقۇ؟ ئەمما مەن نېمىشقا يات ئادەملەرگە قارىيالمايمەن؟ جېنىم دوختۇر! ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان بۇ ئازاب تۈپەيلىدىن ساراڭ بولۇپ قالايلا دېدىم» دېدى. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ كىچىك بالىغا ئوخشاش ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، قورۇنۇش ناھايىتى ئاددىي ئىش، ھەممىلا ئادەمدە ئازدۇر - كۆپتۇر تېپىلىدۇ، ئەسلىي ئۇچىۋالا ئەجەبلىنىشكە ئەرزىمەيدۇ! بۇ مارى خېنىمغا كەلسەك، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئالاھىدە ئالامەت قورۇنۇش مىجەزىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ باشقا كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن پەيدا بولغان. ئۇنىڭ گىرىپتار بولغىنى نېرۋا فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش كېسىلى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە قورۇنۇش باشلانغاندىلا كونترول قىلغان بولسا، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئازابلىنىشتىن ساقلانغان بولاتتى.

قورۇنۇش كېسەللىكىنى داۋالىغىلى بولىدۇ، ئەمما قىلچە قورقماستىن ئەڭ زور زەربىنى قوبۇل قىلىش شەرت،

قانچە بۇرۇن بولسا شۇنچە ياخشى. بۇ، ھەرگىز ئۇزاق مۇددەتلىك قورۇنۇش «ساقايماس كېسەللىك» كە ئايلىنىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. پەقەت ئۇزاق مۇددەتلىك كېسەللىكنى — پىسخىك كېسەللىكلەرنى داۋالايدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرقانچە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن پىسخىك داۋالاش ئېلىپ بېرىشىغا تايانغاندىلا، ساقىيىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

مەن مارىنىڭ قورۇنۇش كېسىلىنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن داۋالىدىم. ھازىر ئۇنىڭ كېسىلى تامامەن ساقايدى. ئۇ كېيىنكى ئۇچرىشىشلەردە بىلەن نورمال ھالەتتە ئالاقىلىشىدىغان، جامائەت سورۇنلىرىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇ ئاجايىپ تېتىك، سۆيۈملۈك بىر قىزغا ئايلاندى — ئۇ تانسا ئوينىيالايدۇ، ناخشا ئېيتالايدۇ، ھەتتا كۆپچىلىك ئالدىدا نۇتۇق سۆزلىيەلەيدىغان بولدى! ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتكەندە، ئۇ بىرمۇنچە يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولدى ھەمدە شۇلارنىڭ بىرى بىلەن توي قىلىشقا كېلىشتى.

مارىنىڭ ئەھۋالى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن ئېغىراق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى «تىپ» دېيىشكە بولاتتى:

بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ قورۇنۇشىدىكى تۈپ سەۋەب — ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ شۇنداق تۇغۇلغانلىقى ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، ئۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا: «باشقىلار مېنىڭ بارلىق مەخپىيەتلىكىمنى بىلەمدىغاندۇر» دەپ دائىم گۇمان قىلىپ يۈرگەن، شۇڭا قورۇنىدىغان بولۇپ قالغان.

مەن يەنە مارىنىڭ بارلىق ئالامەتلىرىنى پىسخىك ئانالىز



ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىپ شۇنى بايقىدىمكى، گۆدەك چېغىدا، ئۇنى ئاپىسى دائىم ئەيىبلەيدىكەن، بۇ ھال ئۇنىڭدىكى قورۇنۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان. لېكىن، بۇ پەقەت ئىككىنچى ئورۇندىلا تۇرىدىغان سەۋەب ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر مارى قورۇنۇشقا ئۆزى ئاساس سالمىغان بولسا كىچىك چېغىدا ئاپىسى دائىم ئەيىبلىگەن ھالەتتىمۇ، ھېچقانداق چوڭقۇر تەسىر قالمىغان بولاتتى!

يەنە بىرى، مارى ئېسىنى بىلىدىغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزىنى باشقا بالىلارغا ئوخشاشمايمەن دەپ قارايدىغانلىقىنى بايقىدىم، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ باي ئائىلە بولغانلىقى سەۋەب بولغان، بۇ ھال ئۇنى پەۋقۇلئاددە ئىدىيىگە ئىگە قىلغان! (نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنكاس بولىدۇ.) تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق چىڭ باشقۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ باشقا بالىلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىش پۇرسىتى كەم بولغان، بىر ئادەم پۈتۈن دىققىتىنى باشقىلارغا مەركەزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك چاغدا، ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆزىگىلا دىققەت قىلغان.

تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇ مەلۇم جايدا پەيدا بولغان مۇھەببەت ھەققىدىكى خىيالىدىن (ئەلۋەتتە بالىلارچە نادان خىيال) ھەمدە ئۆزى غەيرىي جىنسىي ھەرىكەت دەپ قارىغان ھەرىكەتتىن ئەنسىرىگەن (ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسلىدە ئىنتايىن ئادەتتىكىچە، شۇنداقلا نورمال ھادىسە). شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا قورۇنۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان! ئۇ ھەمىشە: «بۇ گۇناھلىرىمنى ئاتا - ئانام سەزمىگەن بولسىمۇ، خۇدانى قانداقمۇ ئالدىيالايمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ يۈرگەن.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەنسىرىگەن، قورققان، دائىم ئەينەككە قاراپ ئۆزىنىڭ چىرايىدا «بىرەر روشەن ئىپادە كۆرۈلدىمۇ، يوق» دەپ كۆزىتىپ تۇرغان! بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان! ئۇ يەنە: «ناۋادا قىلمىشىمنى باشقىلار سېزىۋالىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ھەممە ئادەم مەندىن يىراقلىشىدۇ، ئۇ چاغدا مەن ئاستا ـ ئاستا جەمئىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئادەم بولۇپ قالامدىمەن؟» دەپ ئويلىغان. بۇ خىل ھالەتتە مارى تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ بالا ۋاقتىدا تارتقان خىلمۇخىل دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇغان، ئۇن يەتتە ياشقا كىرگەندىلا تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشقا باشلاپ ئۆزىنىڭ مەخپىي جىنسىي قىلمىشلىرىنى ئاخىرى يەڭگەن.

ۋەھالەنكى، ئۇنىڭدىكى قورۇنۇش ئامىللىرى يەنىلا ساقلىنىپ تۇرغان، ئۇ بۇ ئىشلارنى تەدرىجىي ھالدا ئېڭىدىن يوشۇرۇن ئېڭىغا يوشۇرۇۋەتكەن، خالاس؛ شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئانانىزم قىلمىشى»نى قورۇنۇش پەيدا قىلغان تۈپ سەۋەب دەپ زادىلا گۇمانلانمايدىغان بولغان؛ چۈنكى، ئۇ ئانانىزم قىلىدىغان ئادىتىنى خېلى يىللار بۇرۇنلا تاشلىغانىدى.

مارى ئۆزىنىڭ قورۇنۇشىدىكى خىلمۇخىل سەۋەبلەرنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرىنى دەرھال يېڭەلىدى. ھازىر ئۇ بىر بالا ئۈچۈن ئۆسۈش جەريانىدىكى مەخپىي جىنسىي قاراش ۋە ئادەتلەرنىڭ ئەسلىدە مۇتلەق نورماللىق ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئوغرىلىقچە ئەينەككە قاراشتەك «ئارتۇقچە ئىش»لىرىغا پۇشايمان قىلىپ، بۇنى بىر خىل ئۈچىغا چىققان دۆتلۈك



ئىكەن دەپ قارايدىغان بولدى. مارى پسىخىك ئانالىزىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باشقا بىرمۇنچە قىزلارغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

دەرۋەقە، قورۇنۇش كېسەللىكىنىڭ بۇ خىل جىنسىي بېسىمدىنلا پەيدا بولۇشى ناتايىن، ئەمما كۆپىنچىسى شۇنداق بولىدۇ. ئۇنى ھېچبولمىغاندا جىنسىي مۇناسىۋەت بېسىمىنىڭ ئۆزگەرمىسى دېيەلەيمىز، چۈنكى جىنسىي مۇناسىۋەت ھەققىدىكى خىلمۇ خىل قاراشلارنى پۈتۈن دۇنيادىكى بالىلار بىردەك نومۇسسىزلىق دەپ قارايدۇ.

سىز قورۇنغاقلاردىن بولسىڭىز، بالا چاغلىرىڭىزدىكى ئۆزىڭىز نومۇسسىز ئىدىيە ياكى قىلمىش دەپ ھېسابلىغان ئىشلىرىڭىزنى ئەسلەپمۇ ئۆزىڭىزدىكى «تارتىنچاقلىق كېسەللىكى»نى تۈگىتەلمىگەن بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىزنىڭ ئەسكە ئالالىغىنىڭىز چوقۇم يەنىلا كېسەللىكنىڭ تۈپ مەنبەسى ئەمەس، مالال كۆرمەي ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە داۋاملىق ئەسلەڭ! تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىزلىق باشقا سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىڭ! بالىلىق دەۋرىڭىزگىچە قىلچە ئەنسىرىمەي ئەسلەۋەرسىڭىز، سىزنى تەدرىجىي قورۇنغاق قىلىپ قويغان ھەقىقىي سەۋەبنى ھامان تاپالايسىز؛ شۇ چاغدىلا بۇرۇن سىز سەت ئىش دەپ قارىغان ئىشلارنىڭ نەقەدەر كۈلكىلىك ۋە ئەخمىقانە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز!

خاتالاشماڭ، «قورۇنۇش» كېسىلى ئاياللاردىلا بولىدۇ، دەپ قارىماڭ، مارىنىڭ ئىشى بىرقەدەر تىپىك بولغاچقىلا ئۇنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتىم، خالاس! مېنىڭ بىلىشىمچە «تارتىنچاقلىق كېسىلى» بار ئەرلەرمۇ ئاز ئەمەس.

خىلمۇخىل قورۇنۇش كېسەللىكىدە كەيپىيات ناھايىتى

مۇھىم، شۇنىڭ ئۈچۈن تارتىنچاقلىقنى «نەزەرىيىۋى قى-
ياس» ياكى «ئىرادە» كۈچى بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ!
كىسەلگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ كەيپىياتىنى شەكىللەندۈر-
گەن سەۋەبنى، بولۇپمۇ بالا ۋاقتىدىكى كەيپىيات سەۋەبنى
تېپىشىمىز شەرت. تارتىنچاقلىق كېسىلى يەڭگىل بولسا
ئۇنىڭغا چىداشقا بولىدۇ ھەمدە شەخسنىڭ بەختىگە ۋە مۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنىشىغا ھەددىدىن ئارتۇق توسالغۇ بولۇپمۇ كې-
تەلمەيدۇ، ئەمما تارتىنچاقلىق كېسىلىنى داۋالاپ تولۇق
ساقايتىۋالغان تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ بىلىش كېرەككى،
تارتىنچاقلىق كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ. ئەگەر ئۇ-
نىڭ تەرەققىي قىلىشىغا قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا ئادەمنى
ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، ھەممىلا جايدا ئۆزىنى
ئاجىز ھېسابلايدىغان ۋە قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا
بىر خىل ئۈمىدسىز كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئادەتلەندۈ-
رۈپ قويىدۇ.

گېپىمىزگە كەلسەك، قورۇنۇش خاراكتېرى باللىق
دەۋردىكى نادانلارچە تارتىنچاقلىقدىن باشلىنىدىغان بولسى-
مۇ، ئەمما ھەرگىزمۇ ئۇنى بەك يامان ئىش دېگىلى بولماي-
دۇ! ئەكسىچە قورۇنۇش ئادەمنىڭ گۈزەل تەبىئىتىنى ئىپا-
دىلەيدۇ، ئەڭ ئاق كۆڭۈل، ئەڭ سەزگۈر ئادەملەرلا «تارتىن-
چاقلىق كېسىلى»گە ئاسان گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

## كۆڭۈلدىكى «قورقۇنچ»نى يېڭىش

سىز ئۆزىڭىزدىكى قورقۇنچقا قانداق تاقابىل تۇرىسىز؟
سىز قورقۇنچلارنى قوغلىۋېتىپ ئاندىن خىزمەت قىلامسىز؟



ياكى قورقۇنچلارنىڭ بارلىق لەززىتىڭىزنى قۇرۇقداپ قويۇ-
شىغا قاراپ تۇرامسىز؟ ئەڭ قىزىق، ئەمما ئادەمنىڭ ئىشەن-
گۈسى كەلمەيدىغان ئىشلار بار، بىرمۇنچە ئاياللار بىر تال
چاشقاننى كۆرسە قورققىنىدىن ئۇنىنىڭ بارىچە چىرقىراپ
كېتىدۇ، ئەمما ئۇلار ۋەيران بولۇش ياكى ئېرى سەكراتقا
چۈشۈپ قېلىش ئىشلىرىغا دۇچ كەلگەندە بولسا ئەكسىچە
جاسارەتكە تولىدۇ!

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، نۇرغۇن ئەرلەر كەسپتە
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈۋېلىشقا رازى بولىدۇكى،
نامراتلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ!
ئەمما، يېقىندىلا ئۇلار ئۇرۇش تۇپەيلىدىن جەبىر - جاپانى
يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى زور ئۈمىدۋارلىق
ۋە جاسارەت بىلەن ياشىدى، بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

قورقۇنچلىرىمىزنىڭ بىرمۇنچىسى مۇجمەل ۋە ئاساس-
سىز، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرىنى بالا ۋاقىتلىرىمىزدا
چوڭلاردىن ئۆگەنگەن (ئۆگەنمىگەن قورقۇنچلارغا كەلسەك،
ئۇلار ئۇشتۇمتۇت چىققان قاتتىق ئاۋازدىن ۋە يۇقىرىدىن
چۈشكەن نەرسىدىن قورقۇشتىنلا ئىبارەت). شۇنىڭ ئۈچۈن
سىلەر ئۆزۈڭلارنى بەختلىك ھېسابلاشقا ھەقلىق، چۈنكى
قورقۇنچنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى باشقىلاردىن ئۆگىنىۋال-
غان بولغاچقا، تۈگىتىشمۇ ناھايىتى ئوڭاي.

ئالىملار بۇنىڭغا نېمە دەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قور-
قۇنچ باللىق دەۋردىكى ۋە ياشلىق مەزگىلىدىكى تەجرىبە ۋە
مۇھىتتىن كېلىدۇ! بۇ قورقۇنچلار بىلىپ - بىلمەي روھ-
نىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، بىزنىڭ ھۆكۈم
قىلىش ئىقتىدارىمىزغا ۋە پوزىتسىيىمىزگە چوڭقۇر تەسىر

كۆرسىتىدۇ. ئۇ خۇددى بوياقنىڭ سۇنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋەتكىنىگە ئوخشاش قورقۇنچلۇقتۇر.

پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى ئىلگىرى مۇنداق بىر ئىشنى دوكلات قىلغانىدى: «كىمكى بىر قىسقۇچپاقىنى بىر تۈۋرۈككە پۇتىدىن باغلاپ قويۇپ ئۇنىڭغا يېمەكلىك بەرمىسە، ئۇ تاكى ئۆلگۈچە شۇ جايدا تۇرۇۋېرىدۇ! ئەمما، بىر سەككىز پەنجىلىك بېلىق (قىسقۇچپاقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى) نى ئۇنىڭ يېنىغا قويۇپ قويساق، قىسقۇچپاقا پۇتىنى دەرھال ئۈزۈۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قورقۇنچتىن ھاسىل بولغان كۈچ ھېلىقى قىسقۇچپاقىنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى ئامال قىلىپ قېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان».

بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق سىناق. قىسقۇچپاقا تۈۋرۈككە باغلانغاندا ئۆزىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى سەزمىگەچكە ھېچبىر چارە ئويلىماي تۇرۇۋەرگەن، ئەمما ئۇ سەككىز پەنجىلىك بېلىقنىڭ ئۆزىگە بولغان تەھدىتىنى چۈشەنگەچكە، ئۇنى كۆرگەن ھامان، قورقۇنچتىن ھاسىل بولغان كۈچ ئۇنىڭ تۇيغۇسىنى ۋە ھەرىكىتىنى دەرھال كونترول قىلغان.

شۇ بويىچە ئېيتقاندا، ئەڭ زور دەرىجىدىكى قورقۇنچ جىددىي پەيتتە پوزىتسىيىمىزگە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدۇ. ئالايلۇق، ئىنسانلار تولا ھاللاردا بىر خىل «بىلگىلى بولمايدىغان» قورقۇنچنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ، بىلگىلى بولمايدىغان، سىرلىق، جىن ـ شاياتۇن مەنىسىنى ئالغان بۇ خىل قورقۇنچلار ئىنسانلاردا دائىم خىلمۇخىل بىھۇدە ئەندىشە ۋە ئىچ پۇشۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ.



قورقۇنچ كېسەللىكى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توختالساق، ئۇمۇ بەربىر باشقىلاردىن ئۆگىنىۋالغان قورقۇنچتىنلا ئىبارەت، شۇنداقلا ئۇنىڭدا بىزنىڭ پۇتكۈل پوزىتسىيىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان غايەت زور كۈچ بار. قورقۇنچ كېسەللىكى سەۋەبىدىن سەرپ قىلىنىدىغان كۈچ بىزنى كېسەلگە تېخىمۇ ئاسان گىرىپتار قىلىدۇ، بىلىش كېرەككى، قورقۇنچ ھاسىل قىلغان پسىخىك تەسىر كۈچلۈك ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە.

بۇ نۇقتىنى بىز ئەل ئارىسىدىكى بىر مەسەل ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز.

مەشرىقتە ئىخلاس بىلەن بۇددا يولىنى تۇتقان بىر راھىب بولغانىكەن، ئۇ يول ئۈستىدە خولېراغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇنىڭدىن:

— ھەي، سەن قايان بارۇرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن مىسىرغا بېرىپ يىگىرمە مىڭ كىشىنىڭ جېنىنى ئالىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خولېرا.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خولېرا قايتىپ كېلىۋېتىپ يەنە ھېلىقى راھىبقا ئۇچراپتۇ، شۇنىڭ بىلەن راھىب خولېرانى ئەيىبلەپ:

— تازا بىر مۇتتەھەم ئىكەنسەن، ئىمىشقا بىر يولىلا توقسان مىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىسەن؟ — دەپتۇ.

بۇ چاغدا خولېرا ئۆزىگە ئۇۋال قىلىنغانلىقىدىن زارلىنىپ:

— نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن! جېنىنى ئالغىنىم يىگىرمە مىڭلا ئادەم، قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى قورقۇنچ ئۆلتۈرگەن! — دەپتۇ.

بۇ مەسەلدىن ئالىدىغان ساۋاق شۇكى، بۈگۈنكى

كۈندىمۇ «قورقۇنچ» ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ئوخشاشلا جارى
قىلدۇرۇپ نۇرغۇن ئادەملەرنى: «مەندە بىر خىل قورقۇنچ-
لۇق كېسەل بار» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. نەتىجىدە،
ئۇلار راستتىنلا شۇ خىل قورقۇنچلۇق كېسەلگە گىرىپتار
بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۆزىدىكى قورقۇنچنى ئىدارە قىلالمىغان-
لىقتىن، ئۆزىنىڭ هاياتىغىمۇ زور تەسىر يەتكۈزگەن نۇرغۇن
كىشىلەر تارىختا ئۆتكەن، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بار.
ئالايلۇق، پادىشاھ پېتىر شۋېدلار بىلەن تاتارلارنى با-
تۇرلۇق بىلەن مەغلۇپ قىلىپ، كونا روسىيە ئىمپېرىيىسىنى
بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە بىر پارچە سازلىقتا سىنت -
پېتېرسبۇرگ قەلئەسىنى بىنا قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
ئىنتايىن خەتەرلىك بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بول-
غاندا قورققىنىدىن سامانكەك ساغىرىپ غال - غال تىترى-
گەن، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالغان.
روسىيىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى نىكولاس ئۆز ھۆكۈم-
رانلىقىدىكى يەھۇدىيلەردىن بەك قورقىدىغان بولغاچقا، ئۇ-
لارنىڭ خائىنلىق قىلىش سۇيىقەستى بارلىقى ھەققىدىكى
خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئۇلارنى قىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈر-
گەن. ئەنگلىيىنىڭ پادىشاھى جامۇس VI نى ھەرقانداق جايدا
«مۇكەممەل» ئادەم دېيىشكە بولاتتى، لېكىن ئۇ قىلىچنى
قىنىدىن چىقارغان ھەرىكەتنى كۆرگەن ھامان رەڭگى ئۆ-
چۈپ، بەزگەكتەك تىترەپ كېتەر ئىكەن.
مۇپاسان، بەنيەن، تولستويلار دۇنيا بويىچە مەشھۇر
يازغۇچىلار ئىدى، لېكىن ئۆلۈمنى ئاڭلىغان ھامان ئۇلار
قورققىنىدىن قارا تەرگە چۆمۈپ كېتەتتى. رومىنىيە پادىشا-
ھىنىڭ ئانىسى مارى مۈشۈكتىن قورقاتتى! نيۇيوركنىڭ


برودۋېيدىكى مەشھۇر ئەرباب لوسىدىمۇ غەلىتە كېسەل بو-
لۇپ، ئۇ كىچىك ھەم تار بوشلۇقتىن ناھايىتى قورقىدىكەن،
شۇڭا ئۇنىڭ ئىشخانىسى ھەيران قالغۇدەك چوڭ ئىكەن.
ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك
ھەربىي باشلىق بار، ئۇنىڭ ئەڭ قورققىدىغىنى بوش مەي-
دان. ئۇ ئەسلىدە ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بو-
لۇپ، «باتۇرلۇقى» ئۈچۈن ئوردېن ئالغانىكەن، لېكىن بىر-
مۇ ئادەم بولمىغان چوڭ مەيداندا ئۆزى يالغۇز قالسا، پۈتۈن
ئەزايى ماغدۇرسىزلىنىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدىكەن.
گەپنى ئەمەلىي قىلغاندا، قورقۇنچنىڭ پاراكەندىچىلى-
كىگە ئۇچرىمىغان ھېچكىم يوق. بۇ خىل قورقۇنچ مەلۇم
مەزگىل ئىچىدە نېرۋىمىزنى ئىدارە قىلىۋېلىپ، بىزنى نور-
مال ھالەتتىن، تەڭپۇڭلۇقتىن مەھرۇم قىلىدۇ.
يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، قورقۇنچ مەدھىيىلەشكە
ئەرزىيدۇ! ئىنسانلارغا قەدىمدىن مىراس قالغان سەزگۈرلۈك
بىلەن قورقۇش تۇيغۇسى ئىنسانىيەتنىڭ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئىنسانىيەتتىن
نەچچە مىليون يىللار بۇرۇنقى خىلمۇخىل ھايۋانلار يىرتقۇچ-
لارنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلىسىمۇ قورقۇشنى بىلمىگەن-
لىكتىن بىخەتەر جايغا يوشۇرۇنمىغاچقا، نەتىجىدە يىرتقۇچلا-
رغا يەم بولۇپ تۈگىگەن. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۆزلە-
سەك، ئىنسانىيەت ئەنە شۇنداق سەزگۈر قورقۇش تۇيغۇسىغا
ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيانى ئىدا-
رە قىلالماقتا.
بىراق، خەتەردىن پەخەس بولۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل
گۈزەل خۇسۇسىيەت تولا ھاللاردا قورقۇنچلۇق ھەم تامامەن

ئەھمىيەتسىز تۇيغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ! ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈ-
زۈلگەن خەلقئارا روھىي ساغلاملىق يىغىنىدا بىر دوختۇر
مۇنداق پىكىر بايان قىلغانىدى: «ئاپتوموبىل ھادىسىسى
قاتارلىق كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرگە بولغان قورقۇنچ قانچى-
لىك كىشىنىڭ روھىنى ۋەيران قىلغانلىقى نامەلۇم، ئادەتتە
كۈتۈلمىگەن ۋەقەگە ئۇچراشتىن دائىم قورقۇپ يۈرگەنلەر
راستتىنلا شۇنداق كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ قالسا، بۇ
خىل قورقۇنچ كۈتۈلمىگەن ھادىسە كەلتۈرۈپ چىقارغان يارى-
نى ئاسانلىقچە ئەسلىگە كەلمەس قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى،
قورقۇنچ يۇقىرى قان بېسىمىنى، مۇسكۇللارنىڭ جىددىيلى-
شىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە ھەزىم قىلىش سىستې-
مىسىنىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر، مۇشۇن-
داق نەتىجە يۈز بەرسە قورقۇنچ ئىنتايىن ۋەھىمىلىك ھادىسى-
گە ئايلىنىدۇ. ئەمما، بىز ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلىنالىساق،
قورقۇنچمۇ بەزىدە ئەسقېتىپ قالىدۇ.»

روھىي جەھەتتە قورقۇنچ پەيدا بولغاندا فىزىئولوگىيى-
مىزدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، ھەتتا مۇسكۇللارنىڭ
ئاساسىي ئىقتىدارى ياكى قاندىكى قەنت مىقدارى ئېشىپ
كېتىدۇ. شۇڭا قورققان چېغىمىزدا تولا ھاللاردا دەرىجىدىن
تاشقىرى كۈچلۈك بولۇپ كېتىمىز. بىر دېھقان: «مەن
ئەسەبىيلەشكەن چېغىمدا بىر تونىنا نەرسىنى كۆتۈرۈۋېتى-
مەن» دېگەنىدى. بۇ سۆزنى مۇبالىغە دېگىلى بولمايدۇ،
بۇنداق ئىشنىڭ ھەقىقەتەن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىغا ئىشى-
نىمىز، مانا بۇ قورقۇنچنىڭ پايدىسى، ئۇ ئادەمدە ئادەتتىن
تاشقىرى كۈچ ۋە چىدام پەيدا قىلىدۇ.

بەزىلەر خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ قورقۇنچنى كونترول



قىلماقچى بولىدۇ، يەنە بەزىلەر قورقۇنچتىن ئۆزىنى قاچۇر-
ماقچى بولۇشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولارنىڭ ھەممىسى «يالغان
داۋالاش ئۇسۇلى» بولۇپ، ئۇ سىزنىڭ ئىندىۋىدۇئاللى-
قىڭىزنى ئاسانلا ئاجىزلاشتۇرىدۇ، قورقۇنچنى پەقەت
«ئەقىل - ئىدراك» ئارقىلىقلا يىلتىزىدىن قۇرۇتقىلى
بولىدۇ.

خۇراپاتقا راستتىنلا ئىشىنىدىغانلار قورقۇنچنى خۇراپات-
لىق ئارقىلىق كونترول قىلسا ئۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشى
مۇمكىن. بىز ئايكىرى خانىم ئېيتقان بىر ھېكايىنى نەقىل
كەلتۈرۈش ئارقىلىق بۇ خىل ئېتىقادنىڭ قىممىتىنى چۈشەن-
دۈرىمىز. ئايكىرى خانىم مۇنداق دەيدۇ:

— بىر ئوغۇل بالا ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى تىمساھنىڭ
يۇتۇۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن تۇرۇقلۇق، ئۇ دەريادىن ئۈزۈپ
ئۆتۈشتە يەنىلا چىڭ تۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل قارامىلىقىنى
ئەيىبلەپ، شۇنچە نەسىھەت قىلىپ تۇسۇغان بولساممۇ، لې-
كىن بالا بۇ گەپلەردىن تەسىرلەنمەي، ئەكسىچە كۈلۈمسىرى-
گەن ھالدا بېلىگە چىگىۋالغان بىر زىننەت بۇيۇمىنى قولى
بىلەن كۆرسىتىپ قويدى، ئۇ نەرسە باخشى ئوراپ بەرگەن
بۆكەن مۈڭگۈزى ئىدى. ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا: «بۇ خىل
زىننەت بۇيۇمى تىمساھنى قورقۇتىدۇ!» دېدى. بۇ ئوغۇل
بالىنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى خەتەرلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئې-
تىقادى كىشىگە شادلىق بېغىشلايتتى. ئۇ ئاخىرى قىلچە
قورقۇش ئالامىتى بولمىغان ھالدا ئادەمخور تىمساھلار قاپلاپ
كەتكەن ھېلىقى دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتتى.

شۇڭا بىۋاستە ھەرىكەت قورقۇنچنى تۈگىتىشنىڭ ئەڭ
ياخشى چارىسى. شەيئىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ تاش-

قى كۆرۈنۈشى بىزگە ئېنىق ئەمەس، ئۇنى ئېنىق تونۇش
ئىمكانىيىتىمىز يوق، شۇڭا ئۇنىڭدىن قورقىمىز، بىۋاسىتە
ھەرىكەت ۋە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ
مۇجمەل يېرىني چىقىرىۋېتەلەيدىن كېيىن قورقۇنچنىڭ چوڭ
يېرىمى تۈگەيدۇ! سالامەتلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تولۇق تەك-
شۈرتۈش — كېسەللىكنى يوقىتىشتىكى ئەڭ ياخشى بىۋاسى-
تە ھەرىكەت! مىسال ئالساق، چىش يۇلدۇرۇشقا بولغان
قورقۇنچنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى قۇرت يې-
گەن ئاشۇ چىشنى يۇلدۇرۇۋېتىش، ئۇ چاغدا سىزدە قورقۇنچ
ھېس قىلىدىغان ئىشمۇ يوقىلىدۇ.

قورقۇنچقا تاقابىل تۇرۇشتا بىرخىل ئوبيېكتىپ پوزىت-
سىيە قوللىنىشىمىز، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قەستەن قاچۇر-
ماسلىقىمىز كېرەك. بەزىدە قانداق قىلىشىڭىزنى بىلمەي
قېلىشىڭىز مۇمكىن، بۇ چاغدا سىز، ئەڭ ياخشىسى،
تىپتىنچ ئولتۇرۇپ، ئوي - پىكرىڭىزنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ.

قىسقىسى، قورقۇنچ تەبىئىي كېلىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ-
دىن ساقلىنىش تەس، ئەمما ھەر كۈنى قورقۇنچنىڭ ئۆزى-
ڭىزنى ۋەيران قىلىشىغا قاراپ تۇرسىڭىز، ھۇ بىنورماللىق
بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىمىزنى ھەقىقىي چۈشەنگەن چېغىمىزدىلا
ئۆزىمىزدىن قورقمايدىغان بولىمىز، ئۇ ھالدا دۇنيادا بىزنى
قورقۇتىدىغان نەرسىمۇ بارغانسېرى ئازىيىدۇ.



ئىككىنچى باب

# پىسخىك ئاجىزلىقنى ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يېڭىش

## «ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت بېرىش ئۇسۇلى» دېگەن نېمە؟

مەن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلاردىن بايقىشىمچە، ئا-
دەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغىنى شۇكى، شۇنچە كۆپلىگەن
كىشىلەر ئۆزىگە ۋە خىزمىتىگە ئىشەنچىسى كەم بولغانلىقتىن
ئەنسىزلىككە مۇپتىلا بولىدۇ. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە
ئۇلاردىكى ئەمەلىي كۈچنىڭ ۋە شارائىتنىڭ شۇنچە تولۇقلى-
قىنى، لېكىن ئۇلاردا ئىشەنچنىڭ يېتەرسىزلىكىنى، شۇ
ۋەجىدىن ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى جارى قىلدۇرالمايدى-
غانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. بەزىلەر ئالىي مەكتەپكە چى-
قىش بېسىمىغا ئۇچراپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قا-
لىدۇ - دە، كۈنىنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ.
بۇنداق كىشىلەردە بىر ئورتاقلىق بار — ئۇلار سەمى-
مىي، يۇرەكسىز، ئۆز - ئۆزىگە ساداقەتمەن بولۇشنى قاتتىق
تەلەپ قىلىدىغان كېلىدۇ، ھەممىلا ئىشنى مۇكەممەل ۋە

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەش ئىستىكىدە بولىدۇ. ئەپسۇسكى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىدۇ.

ئىككى قۇتۇپلىشىش نەتىجىسىدە ئۇلار ئۆزىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، كۆڭۈلسىزلىككە گىرىپتار بولىدۇ، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش، ماغدۇرسىزلىق تۇيغۇسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپلا پەيدا بولىدۇ. ئاخىرىدا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ ـ دە، ياشىغاننىڭ ئەھمىيىتى يوق دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ ساراسىمىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى ئەرلەر، ئاياللار، ياشانغانلار، ئۆسمۈرلەر، سىز ۋە سىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىز بۇ خىل ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش تۇيغۇسىنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقىنىمدا: «خۇدايا تۇۋا، ئۇلار نېمىشقا ئازادىلىك ئىچىدە ياشىمايدىغاندۇر؟» دەپ ئويلايمەن. زىممىمىزدىكى ئېغىر يۈكنى تاشلىۋېتىپ، كەيپىياتىمىزدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىپ، ئۆزىمىزدىكى ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكنى چۈشىنىشىمىز ھەمدە ئۇلارنى يېڭىشىمىز كېرەك. خىزمەت، ئوقۇش، تۇرمۇشقا ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئاتلانغاندا، كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاشلارمۇ بۇلۇت تارقىغاندەك يوقىلىپ كېتىدۇ.

بۇ، ئەمەلىيەتتە، ناھايىتى ئاسان ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىش، كەيپىيات ۋە كۆزقاراش ئازراق ئۆزگەرتىلسىلا شۇ ھامان ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۆزىدىكى بارلىق يېتەرسىزلىكلەرنى يەڭگىلى بولىدۇ.

ئەمما، كۆپ ھاللاردا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر بىرەر ئىشنى «مەن ئورۇندىيالمايمەن دەپ قارىغان»لىقى ئۈچۈن



ئورۇندىيالمايدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاساسى «قانداق ئويلىغاندا كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئازابتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇنداقتا، ئۇ خىل سەلبىي كەيپىياتنى قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟

ئالدىنقى بابتا نۇرغۇن مىساللار ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى كۆرسىتىلدى. ئەمدى يەنە «ئۆز ـ ئۆزىگە بېشارەت بېرىش ئۇسۇلى»دىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى قوشۇپ قويساق يامان بولماس. بۇنى سىز ئىلگىرى ئازدۇر ـ كۆپتۇر سىناپ باققان بولغىيدىڭىز، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، مەسىلە سىزنىڭ ئۇنى ئۈنۈملۈك قوللانغان ـ قوللانمىغانلىقىڭىزدا.

«بېشارەت»تىن ئىبارەت بۇ ھادىسە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بېرىلگەن بېشارەت بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، سىز تاماشا قىلىشقا ئامراقلىقىڭىزدىن ئوت كەتكەن جايغا بېرىپ كىشىلەر توپىغا قېتىلىپ قالىسىز، بۇ چاغدا ئامىمىنىڭ تەسىرىدە ئادەتتە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ۋارقىراش ـ جارقىراش، ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈش قاتارلىق بىمەنە قىلمىشلارنى قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. ھەممەيلەن بۇنداق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن، ناھايىتى روشەنكى، مانا بۇ بېشارەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتۇر.

بىز ھەر كۈنى بىر قىسىم ئېلانلارنى كۆرگەندىن كېيىن تورلۇك ماللار ماگىزىنلىرىغا بېرىپ بەزى تاۋارلارنى سېتىۋالىمىز، مانا بۇ تېلېۋىزور ئېلانى بېشارىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. ئېلان تەشۋىقاتى دەل سىزنىڭ ئاڭسىز پسىخىك تەسىرىڭىزدىن پايدىلىنىپ، تاۋارنىڭ

سىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئاخىرقى مەقسە-
تىگە يېتىدۇ.

بېشارەتنىڭ ئۇنۇمى بۇلا ئەمەس. مۇنداق بىر سىناق
ئېلىپ بېرىلغان: بىرەيلەن بىر گاز پۈركۈگۈچنى كۆرسە-
تىپ، سىناق قىلىنغۇچى يىگىرمە نەپەر كىشىگە: «بۇنىڭ
ئىچىگە چۈچۈك پۇراقلىق بىرخىل گاز قاچىلانغان، مەن
هازىر ئازراق پۈركۈيمەن، پۇراقنى سەزگەنلەر قول كۆتۈرۈ-
سىلەر» دېگەن. ئاندىن ئۇ ئايلىنىپ يۇرۇپ پۈركۈگەن،
سىناق قىلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تېزلا قوللىرىنى
كۆتۈرگەن ھەمدە پۇراقنى ئېنىق پۇرىدۇق دېيىشكەن. ئەمە-
لىيەتتە، پۈركۈگۈچكە ھېچقانداق گاز قاچىلانمىغان بولۇپ،
ئۇنىڭدىن چىققىنى رەڭسىز، پۇراقسىز ھاۋا ئىدى.

بۇ، بېشى ئاغرىغان بىمارغا ئۇننى دورا دەپ يېگۈزسىمۇ
ئۇنىڭ باش ئاغرىقى توختاپ قالغانغا ئوخشاش بىر ئىش. بۇ
يەنە بىرىگە باشقىلار چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇ دېسە،
راستتىنلا شۇ كىشىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، تاۋى بۇزۇلغانغا
ئوخشاش. دوختۇرنىڭ بىر ئېغىز سۆزى كىشىلەردە كېسەل-
لىك پەيدا قىلىدىغان سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، بۇلارنىڭ
ھەممىسى مەلۇم بېشارەتكە ئۇچرىغانلىقتىن كېلىپ
چىقىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئويغىتىش بېشارىتى» دەپ ئاتىلى-
دۇ. ئۇ گىپنوزلۇقتىن روشەن پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئالدىن-
قىسى ناھايىتى سەگەك ھالەتتە بېرىلىدىغان بېشارەت، كې-
يىنكىسى بولسا ئۇنداق ئەمەس.

بېشارەتنىڭ كۈچلۈك ئۇنۇمى كىشى «ئۆز - ئۆزىگە
بېشارەت» بەرگەندىمۇ ئوخشاشلا كۆرۈلىدۇ. بەزىدە ھەتتا



ئالدىنقىسىغا قارىغاندىمۇ زور ئۇنۇم بېرىدۇ، شۇنداقلا بۇ-
نىڭدا «باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن بېشارەت» تە بولمايدىغان
ئارتۇقچىلىقلارمۇ بولىدۇ، يەنى بۇ خىل بېشارەتنى ھەرقان-
داق ۋاقىتتا، ھەرقانداق جايدا ئەركىن بەرگىلى بولىدۇ.

ئەكسىچە، گىپنوتېراپىيە (ئۇخلىتىپ داۋالاش) ئۇسۇ-
لىنىڭ پسىخىك داۋالاش ئۇنۇمى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن
بولسىمۇ، بەزى ئىشلارنى ھەل قىلىشقا يەنىلا قادىر ئەمەس،
چۈنكى گىپنوتېراپىيىدىن كېيىن يەنە قايتا قوزغىلىش ھادى-
سىسى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۈزۈلدۈرمەي داۋالاشقا توغرا
كېلىدۇ.

ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت بېرىشتە بولسا ئۆزىنى ئۆزى
تەربىيىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، بېشارەت بەرگۈچى شۇ
شەخسنىڭ ئۆزى بولىدۇ، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئو-
رۇندا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۆز - ئۆزىگە توختىماي
بېشارەت بېرىپ تۇرغىلى بولىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ ھەسسىلەپ
ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇننى
بىمارغا دورا دەپ يېگۈزۈشتىن ئىبارەت باشقىلار بېشارەت
بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىشى
زۆرۈر، ئەمما ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت بېرىش باشقىلارنىڭ
ياردىمىسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى مۇشۇ نۇقتى-
نىڭ ئۆزىدىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئەمدى ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت بېرىشنىڭ ئىشەنچنى
قايتا تىكلەشتە قانچىلىك قالتىس رول بارلىقىغا قاراپ باقاي-
لى. ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بېشارىتى تەسىرىدە، ئىرا-
دىمىزدە ئىجابىي ۋە سەلبىي ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىش ھادى-
سىسى كۆرۈلىدۇ. ئەمما، كۈچلۈك سەلبىي تەسىرگە ئۇچ-

رىغاندا، بىزدە چۈشىنىكسىز بولغان ئۆزىنى تۆۋەن چاغ-
لاش، قورقۇش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ خاتىرجەمسىزلى-
نىمىز.

«ئۆزىگە ئىشىنىش» لۇغەتتە «ئۆزىنىڭ قىممىتىگە ۋە
كۈچىگە ئىشىنىش» دەپ ئىزاھلانغان. دېمەك، بۇرۇنقى
تەجرىبىلەردىن ئۆزىنىڭ ئورۇندىيالايدىغان ئىقتىدارى بارلى-
قىنى بىلىش، شۇنى مىزان قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ كەلگۈ-
سىدىمۇ ئورۇندىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش لازىم. مانا بۇ
«ئۆزىگە ئىشىنىش» تۇر.

«ئۆزىگە ئىشىنىش»نى مۇزاكىرە قىلىشتىن بۇرۇن
ئىككى نۇقتىنى ئېنىق تونۇش شەرت:

بىرىنچى، ئۆزىگە ئىشىنىش ھەرگىز مۇقىم نەرسە ئە-
مەس، ۋاقىت ۋە ئورۇنغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە خاتىرجەمسىزلىكنىڭ
ھەر ئىككىلىسى شۇ كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ بىۋاستە تەسىرا-
تىدىن تۇغۇلىدۇ، شۇڭا ئۇ ئوبيېكتىپ ئەمەس.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۆزىمىزگە ياكى باشقىلارغا سەل-
بىي بېشارەت بەرگەندە، بۇ خىل سۇبيېكتىپ ئاڭ تېخىمۇ
كۈچىيىپ، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، خاتىرجەمسىزلىنىشنىڭ
سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ماھارىتى — «ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت
بېرىش ئۇسۇلى»دىن پايدىلىنىپ، سەلبىي بېشارەتنى يوقى-
تىپ، ھەقىقىي ئۆزلۈكنى تېپىش لازىم، بۇنىڭدىكى ئەڭ
ئۈنۈملۈك ۋاستە ئىجابىي نۇقتىدىن ئۆز - ئۆزىگە بېشارەت
بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتۇر.



## خاراكتېرىڭىزنى يۈكسەلدۈرۈڭ

يېقىندا مەن بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، يەنى ئىل-
گىرى «خاراكتېر» دېگەن بۇ نەرسىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ،
بەزى كىشىلەردە بولىدۇ، بەزىلەردە بولمايدۇ دەپ قارىلاتتى،
ئەمەلىيەتتە خاراكتېرنىمۇ ئىدىيىگە ئوخشاش تەربىيىلەپ يې-
تىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇق.

«خاراكتېر» باشقىلارنىڭ قىزىقىشىنى ئۆزىمىزگە تار-
تىش ياكى بىزنىڭ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىمىز-
گە قارىتا ئېيتىلغان. مانا بۇ «خاراكتېر»گە بېرىلگەن ئى-
زاھ، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بۇ خىل ئىقتىدار
ئادەتلىنىش بىلەن ماھارەتتىن كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ
ئادەتلىنىش ۋە ماھارەتنى تەربىيىلەش ئارقىلىق يېتىلدۈرگى-
لى بولىدۇ.

بۇ سۆز ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەللىك نەپەر پسى-
خولوگىيە ئالىمى بىرلىشىپ بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېخىمۇ
چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، ئاندىن كېيىن مەملىكەت
خاراكتېرلىك بىر قېتىملىق سىناق ئېلىپ باردى. سىناق
نەتىجىسى مېنىڭ سۆزۈمنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئىس-
پاتلىدى!

ھازىر ھەممىمىز چۈشەندۇق، ئۆزىمىزنىڭ خاراكتېرى-
مىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن قان-
داق قىلغاندا باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈرلۈك ئىشلارنى
قىلغىلى بولىدىغانلىقى ياكى شۇ ئىشلارنى قانداق قىلىپ
باشقىلارنىڭ ئورنىدا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆپرەك ئۆ-
گىنىشىمىز شەرت. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «خاراكتېر»نىڭ

ئۆز ئىچىگە ئالىدىغىنى بىزنىڭ شەيئىلەرگە بولغان ھەقىقىي تۇيغۇمىز بولىدۇ، شۇڭا «خاراكتېرىمىز» كېڭەيگەن چاغدا، بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزمۇ ئېشىپ بارىدۇ.

ئېپىموسېن توغرا ئېيتقان: «خۇشاللىق ئەتىرگە ئوخشىشىدۇ، سىز ئۇنى باشقىلارغا چاچقاندا ئۆزىڭىزگە يوق دېگەندىمۇ بىرنەچچە تېمىم تېمىپ قالىدۇ.»

دەرۋەقە، خاراكتېر بىلەن خۇشاللىق تۇتقىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس، ئاسانلا ھېس قىلغىلى بولمايدىغان ماددىي بۇيۇممۇ ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇشاللىقمۇ، خاراكتېرمۇ ماددىي نەرسە ئەمەس، ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان بىر ئىشمۇ ئەمەس، ئىككىلىسى بىز يارىتىدىغان نەرسە، ئادەم كۈچى ۋە مەشىق ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان نەرسە. ئەمما، ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش بار، قىلغان ئىشىمىزنىڭ ھەممىسى باشقىلارغا پايدىلىق بولۇشى، باشقىلارنى خۇش قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ئىش قىلالىساق، ئۆزىمىز قىلماقچى بولغان ئىشنى قۇربان قىلىۋەتسەكمۇ ئىچىمىز ئېچىشمايدۇ. ئەمما، بۇ ئىشلارغا چىقارغان كۈچنى ھېسابات دەپتىرىدىكىدەك بىر - بىردىن ھېسابلاپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، بىز ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ، جاسارىتىمىزگە تايىنىپ، باشقىلارنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلساق ھەمدە ھەق - تەلەپ قىلمىساق، ئاندىن ئۆزىمىزمۇ خۇشاللىق ھېس قىلالايمىز.

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق يىراققا يۈرۈش قىلىش ئەترىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن بىر دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، مەن ئۇنىڭدىن:



— سىزنىڭ بۇ قېتىملىق ئۇلۇغ كەچۈرمىشىڭىزدە تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر، سىز ئۇنتۇيالمايدىغان بىرەر ئىش بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم. مەن ئۇنى سوئالىمغا قالتىس تەسىرلىك بىرەر ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. كىم بىلسۇن، ئۇ بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئويلىمىغان يەردىن مۇنداق ئاددىي بىر ھېكايىنى سۆزلىدى:

— ھە! بار، ئېسىمگە كەلدى، بىر كۈنى قاش قارايغان چاغدا، رۇخسەت سوراپ پارىژغا بارماقچى بولدۇم، ئۇمىدىم بىر ۋاخ كەچلىك تاماقنى تازا ھۇزۇرلىنىپ يەپ كېلىش ھەمدە بۇ ھەيۋەتلىك شەھەرنى بىر تاماشا قىلىۋېلىش ئىدى. يولدا كېتىۋېتىپ كىيىملىرى كونىراپ كەتكەن بىر موماينىڭ قوپال ھەم ئېغىر ئۈچ چامادانىنى ئىنجىقلاپ ئاران يۆتكەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ يېنىدا ياردەملەشكۈدەك بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلۈكۈمدىن بېرىپ ياردەملەشتىم، ئۇنى ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئاپىرىپ قويدۇم. بىراق، بۇ چاغدا موماينىڭ ئۈچ چامادانىنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى - دە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتوبۇسقا چىقىپ، ئۇنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇنىڭ ئۆيى شەھەردىن ناھايىتى يىراق بىر جايدا ئىكەن. ئۆزۈم ئامېرىكىلىق بولغاچقا ئۇنىڭ فرانسۇز تىلىنى تامامەن چۈشەنمەيتتىم، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەن مىننەتدارلىق ماڭا ئىنتايىن زور خۇشاللىق تۇيغۇسى بەخش ئەتتى، بۇ مەن ئىلگىرى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغان خۇشاللىق ئىدى. كېيىن، موماي مېنى ئۆزى بىلەن بىللە شۇ ئەتراپتىكى بىر قەھۋەخانىغا بېرىشقا قىستاپ تۇرۇۋالدى. ئۇ يەردە موماي ماڭا بىر شېشە پىۋا بۇيرۇتتى، يەنە مېنىڭ

قىلغان ئىشىمنى ئۈنلۈك ئاۋازدا كۆپچىلىككە جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن رومكىلىرىنى قويۇپ، يېنىمغا ئولىشىپ كېلىپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ماڭا ھۆرمەت بىلدۈردى. تەنتەنە ساداسى ئىچىدە ئۇلار ھەممىسى قەدەھ كۆتۈرۈپ ماڭا بەخت تىلەشتى. مەنچە بولغاندا، مەن بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس ئىدى! مېنىڭ قىلغىنىم ھەقىقەتەن ئادەتتىكى ئىش ئىدى، ئەمما ئۇ ئاخشامدىكى بىزنىڭ شاد - خۇراملىقىمىز ئون يىل، ھەتتا يىگىرمە يىلدىن كېيىنمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ!

ئەمەلىيەتتە، بىزنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئارىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەر كىشىلەرگە ھەددىدىن ئارتۇق قىزغىنلىق بىلدۈرۈشنى خالىمايدۇ، بۇنداق قىلىش باشقىلاردا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما، بۇنداق ھەرىكەتلەرنى ئىزاھلاش توغرا كەلسە، بىزدە كۆرسەتكىلى بولىدىغان سەۋەب ھەقىقەتەن كۆپ. شۇڭا ئۆزىڭىزنىڭ خاراكتېرىڭىزنى ۋە خۇشاللىقىڭىزنى ئاشۇرۇشتا بىر مەخپىي چارە بار، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن يېڭى بىر ئادەت يارىتىش، يېڭى تەۋەككۇلچىلىك قىلىش نىيىتىڭىزنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ ئىشلارنى يېڭى باشلىغىنىمىزدا ئوڭۇشسىزلىققا ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن، ئەمما بىز ئوڭۇشسىزلىقتىن، مەغلۇپ بولۇشتىن قورقماي، سىناقنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولساق ھامان بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز، ھامان بىر كۈنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ يېڭى خۇشاللىققا ئېرىشىمىز. ئەكسىچە، ئەگەر كىمكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراشتىن قورقىدىكەن، ئۇ-



نىڭ باشقىلارغا بولغان تونۇشى، ھېسسىياتى مەڭگۈ كېڭىيەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىكى خۇشاللىق ئاشمايلا قالماستىن، بەلكى تەدرىجىي يىگىلەش ئېھتىمالىغا دۇچ كېلىدۇ.

بىر ئادەت يېتىلدۈرۈش، كىچىك ئىش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. ئالايلۇق، بىر خىل ئادەملەر باركى، ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئېسىدە ئېنىق ساقلىيالايدۇ، ئادەتتىكى ئادەملەر ئىچىدە، ئۇنداقلارنىڭ خاراكتېرى ئۆز ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئېسىدە تۇتالمايدىغانلارنىڭكىدىن ياخشى بولۇشى ناتايىن. ئەمما، ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق ئەستە قالدۇرۇش خېلى قىيىن ئىش، بۇنى ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلىمىز.

ۋەھالەنكى، بۇنداق كۈنلەرنى ئەستە قالدۇرالايدىغان بولۇش — بىر خىل ئادەتلىنىش. بىز بۇ خىل ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇ مەقسەتكە يېتەلەيمىز. بىئېر مول ئەھمىيەتلىك مۇنداق بىر سۆزنى قىلغان: «كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئىسمىنى ئاڭلىغاندا قۇلاققا ئەڭ خۇشياقىدىغان ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ».

بىز دائىم تراللىبۇس شوپۇرىنى، ئاپتوموبىل مەيدانىنى باشقۇرىدىغانلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز، ئەمما بىز قاچان ئۇلارنىڭ ئىسمىنى قىچقىرىپ، ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ باققان؟ بىئېرنىڭ سىناق دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى خاراكتېرنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم ئامىل، ئۇ تەربىيىلىنىشنىڭ نەتىجىسى،

هەرگىزمۇ تاسادىپىي قولغا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس.
سىز بەلكىم: «ئۇنچىلىك كۆپ ئىسىملارنى ئەستە قال-
دۇرۇشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى، بۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمى بى-
لەن بىزنىڭ نېمە ئالاقىمىز بار؟» دەپ سورىشىڭىز مۇم-
كىن. سىزگە مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن:
«ناۋادا بىز بۇ ئىسىملارنى ئەستە ساقلاشقا ئۇرۇنمايدى-
غان بولساق، ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىسىملارنى ئۇنتۇپ
قالىمىز! بىز بارلىق كىشىلەرگە قىزىقمايدىغان بولساق،
بىر - ئىككى ئالاھىدە شەخسكە بولغان قىزىقىشىمىزمۇ ئۇز-
چىۋالا كۈچلۈك بولمايدۇ.»
بۇنىڭغا مۇنداق بىر مىسال بار: سىز يالغۇز ئۆزىڭىز
يېزىغا بارغىنىڭىزدا، ئۇ يەردە بىر يېزىلىق سىزگە ئىنتايىن
قىزغىن مۇئامىلە قىلغان بولسا، بۇ ھال سىزدە ئىنتايىن
چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئەمما سىز تۇرۇۋاتقان ئاۋات
شەھەردە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەر ھەپتىسى كۆپ قېتىم
ئۇچراتسىڭىزمۇ كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ
ئاساسىي ئەھۋالى ھەققىدە بەربىر ھېچنېمە بىلمەيسىز.
بۇ مىسال نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئەسلىدە دوستلىرى-
مىزنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن كىچىك دائىرە بىلەن چەكلىنى-
دۇ، ئۆزىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلايدىغانلارمۇ
ئاز ساندىكى بىرنەچچە ئادەمدىنلا ئىبارەت، ئۇلاردىن باشقا
كۆپ ساندىكىلەر بىلەن بولسا بىز تامامەن ئالاقىسى يوق.
بىز پۇل ئىئانە قىلىپ بەزىبىر نامراتلارغا ياردەم بەر-
گەن بولساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ ھېسداشلىقىمىزغا ھەقىقىي
ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بولسا ئەكسىچە تاش يۈرەكلىك قى-
لىپ، ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمايدۇ! ئارىمىزدا باشقىلارنى



ئازابقا قويۇش بەدىلىگە ئۆزىنى سەمرىتىدىغانلارمۇ بارغۇ!
يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر ئىبادەتخانىغا بېرىشقا خۇشتار، ئۇلار
رەھىمدىللىكنى كۆڭلىگە پۈككەن خۇداغا ئىشىنىدۇ، ئىن-
جىلدىكى: «قوشناڭنى خۇددى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگەي-
سەن» دېگەن نەسىھەتكىمۇ ئىشىنىدۇ! ۋەھالەنكى، بىزنى
خىجىل قىلىدىغىنى دىلىمىزدا باشقىلارغا ئازراقمۇ مۇھەببەت-
نىڭ يوقلۇقى!
ئەڭ كۆلكىلىك بولغىنى، ئائىلىمىزدىمۇ ئادەتكە ئايلان-
غان بىر يۈرۈش مېخانىك يوسۇنلارنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئام-
راقمىز؛ ئاتا بولغۇچى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ پەر-
زەنتلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قارشى ئالىدۇ، لېكىن
تولا ھاللاردا ئۇلار ئائىلىدىكى كۈچۈكچىلىك يېقىنچىلىق
قىلمايدۇ، شۇڭا ئاتا بولغۇچىمۇ كۈچۈكىنى ئائىلىسىدىكى-
لەرنى چاقىرغاندىنمۇ قىزغىن چاقىرىدۇ. ناشتا ياكى چۈش-
لۈك تاماق ۋاقتىدا، ئاتا ھامان گېزىت ئوقۇپ، خەلقئارا
خەۋەرلەرگە پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىدۇ، ئەگەر بىرى
مۈشۈ چاغدا ئۇنىڭدىن بىر ئىش سورىسا ياكى ئائىلىدە يۈز
بەرگەن ئىشنى تىلغا ئالسا، ئۇ ئىنتايىن بىزار بولىدۇ!
ئويلاپ بېقىڭلار، بۇنداق ئائىلىدە يەنە قانچىلىك خۇش-
لۇق بولسۇن؟ شۇڭا ئائىلىدىمۇ باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش
ئۆزئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشىمىز، ئۆزئارا غەمخورلۇق
قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئىمكانقەدەر قۇربان قىلىپ، پۈتكۈل
ئائىلىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم.
بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى،
بانكىدا ئىشلەيدىغان ئەللىك ئىككى ياشلىق بىر ئايال بىر
كۈنى ماڭا ئۆزىنىڭ دائىم بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان-

لىقىنى ئېيتتى. بۇ ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق بىر خىل كې-
سەل بولۇپ، ھەرقېتىم مۇشۇنداق تۇيغۇغا كەلگەندە، ئۇنىڭ-
غا ئىش خۇشياقمايدىكەن. كېيىنچە، بۇ ئايالنىڭ خەق بىلەن
ئالاقە باغلاش ئادىتى يوقلۇقىنى، شۇڭا دوستىنىڭ تولىمۇ
ئازلىقىنى، شۇ بانكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بانكىدىكىلەر
ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەنلەر بار
بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايال ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاز-
راقمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا
سىزگە باش لىڭشىتىپ سالام بېرىدىغانلار ياكى قول ئېلى-
شىپ سالاملىشىدىغانلارنىڭ ئائىلە ۋە خىزمەت ئەھۋالىدىن
ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولۇشىڭىز كېرەك دەپ نەسىھەت
قىلدىم.

يېقىندا، ئۇ ئايالدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم،
خېتىدە ئۆزى ھەققىدە گەپ قىلماپتۇ، ئۇ باشقا ئىككى ئائىلە
كىشىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىشقا ئالدىراپتۇ، چۈنكى
ئۇ ھېلىقى ئىككى ئائىلىگە بار كۈچى بىلەن ياردەملىشى-
ۋاتقانىكەن، شۇڭا ئۆزى ھەققىدە سۆزلەشكە چولىسى
تەگمىگەنىكەن.

ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇ باشقىلارنىڭ نۇرغۇن ئاۋارىگەرچى-
لىكلىرى بىلەن بەند بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باش
ئاغرىقلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قالغان، چۈنكى
ئۇ ئىشلار ئېتىبارسىز قالغان. ئۇ باشقىلارغا ياردەم بېرىش
ئارقىلىق خۇشاللىققا ئېرىشىپ، ھەقىقىي خۇشاللىقنى تې-
پىشقا باشلىغان.

شۈبھىسىزكى، ئادەتتە بىزگە مۇلازىملىق قىلىۋاتقانلار
ئىچىدە سانسىزلىغان ئاق كۆڭۈل ئوغۇل - قىزلار بار،



بىراق بىز ئۇلارغا تولىمۇ بىپەرۋالىق قىلىمىز. مەقسەتسىز
ھالدا ئاز - تولا دىققەت قىلىپ قويغانلىرىمىزنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ھەققىدە ھېچنېمە بىل-
مەيمىز. بىرەر ئەپەندىنىڭ ئايالى ئالدىدىن ئۆتسە، ئۇ بىز
بىلەن مۇناسىۋەتسىزغۇ؟ ئەگەر بىزگە دائىم مال يەتكۈزۈپ
بەرگۈچى يىگىت بەختسىزلىكتىن ئاپتوموبىل ھادىسىسىگە
ئۇچراپ پۇتىدىن ئايرىلغان بولسا، ئورنىغا ئەتىسى باشقا
بىرى ئالمىشىدۇ، خالاس. گېزىت توشۇيدىغان بالىنى ئال-
ساق، ئۇنىڭ ئايىغى يىرتىلغان، كىيىمىگە نۇرغۇن ياماق
چۈشكەن بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى قاتتىقچىلىقنى
ھەرگىز ئويلىمايمىز. شوپۇرىمىز ئاپتوموبىلنى بەلگىلىگەن
جايغا كەلگەندە توختاتماي ئۆتۈپ كەتسە، بىز تەرىمىزنى
تۈرۈپ ئۇنى ئەيىبلەيمىز، شۇ چاغدا ئۇ كېسەل بولۇپ قالغان
بالىسىنى ئويلاۋاتقان بولۇشى ئېھتىمال، بۇنى بىز نەدىن
بىلەيلى؟

بۇ ھال يەنە بىر خانىمنى ئېسىمگە سالدى (ئۇ كۆپ
ساندىكى ئاياللارغا ۋەكىللىك قىلار، بەلكىم). ئۇ ماڭا ئۆ-
زىنىڭ دەردىنى تۆكۈپ:

— تونۇش دوستلىرىم ناھايىتى كۆپ، ئەمما نېمىشقا
بىرقەدەر يېقىن دوست تۇتالمايدىغاندىمەن؟ — دېدى.

بىز بۇنىڭدىن بۇ گەپنى قىلغۇچىنىڭ يۈرىكىدىكى ئە-
لەمنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ ئايال ناھايىتى چىرايلىق، مۇناسى-
ۋەت باغلاشقىمۇ ناھايىتى ماھىر، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدا
زادى نېمە قىيىنچىلىق باردۇر؟

ئەسلىدە ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ-
كىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ دوست تۇتقاندا، ئۆزىنىڭ قارىشى-

چە ئارىلىشىشقا ئەرزىيدىغانلاردىن باشقىلارغا بىرەر ئېغىز
گەپ قىلىشنىمۇ خالىمايدىكەن، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ باش-
قىلار ئۇچۇن ئەمەس، ئۆزى ئۇچۇن دوست تۇتىدىكەن. شۇ-
ڭا، ئۇ باشقىلارغا نېمە قىلىپ بېرىشكە ئەمەس، بەلكى
باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نېمە قىلىپ بېرەلىشىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ-
كەن! ئۇ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىدىن سېخىيلىق بىلەن باشقىلا-
رنى بەھرىمەن قىلىشنى خالىمايدىكەن، ئۇ پەقەت بىرنەچچەيى-
لەننى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىۋېلىپ، خۇددى ئەتىر چاچقان-
دەك ئاز ساندىكى بىرنەچچەيلەنگە ئۆز شەپقىتىنى ئازراقتىن
چېچىپ قويىدىكەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن
ئەجەبلەنگىلى بولامدۇ!

ئاخىرىدا، مۇنداق بىر جۇپ ئەر - ئايالنىڭ كەچۈرمە-
شىنى سۆزلەپ ئۆتەي: ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئىنتايىن
ئەھمىيەتلىك بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا پايدىلىنىشقا
ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىرلا قىزى بار
ئىدى، ئادەتتە ئۇ ناھايىتى ئەتىۋارلىناتتى. ئەپسۇس، ئۇ قىز
ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە شىپاسى يوق كېسەلگە گىرىپتار
بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن
ھاياتىنى دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئۆتكۈزمەي، ئەكسىچە ئىككى
بالا بېقىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ چوڭ قى-
لىشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئائىلىدىكى ئانىدا بارا - بارا
باللارغا قىزىقىش پەيدا بولۇپ، دائىم باشپاناھسىز باللارغا
مۇۋاپىق ئائىلە تېپىپ بېرىدۇ. بۇ ھال بۇ ئانىنىڭ ھاياتىغا
نۇرغۇن يېڭى مەنە، يېڭى كۈچ بەخش ئېتىدۇ، ئۇ ئۆزىمۇ
بۇنىڭدىن يېڭى خۇشاللىقا، يېڭى تەسەللىگە ئېرىشىدۇ ھەم-
دە بۇ خۇشاللىقلارنى ھەرۋاقىت، ھەرجايدا ئامال قىلىپ
باشقىلارغا كېڭەيتىدۇ.



بىز ئەگەر دائىم باشقىلارنىڭ ھال - دەردىگە يېتىدىغان
بولساق، قىلغان ئىشىمىز چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بول-
سۇن، پرىنسىپ جەھەتتە ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. دۇكان خوجا-
يىنى ئۆزىنىڭ مال ساتقۇچىسىنى ئادەم ئورنىدا كۆرسە، مال
ساتقۇچىنى خۇشال قىلىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-
تا يەنە مال ساتقۇچىنىڭ خېرىدارغا چىن كۆڭلى بىلەن
مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، خېرىدار بىراقلا كۆپە-
يىدۇ، نەتىجىدە دۇكان خوجايىنىمۇ خۇشال بولىدۇ.

مېنىڭ دەۋاتقىنىم — «ئىجتىمائىي ئالاقە سەنئىتى»
ھەققىدىكى ئاساسىي تەتقىقات، مەن ئېيتقان دىن —
ئابستراكت ئېتىقاد ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى
دوستلۇق، مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىم — غۇلغۇلا قىلىن-
ۋاتقان خاراكتېر ئۇقۇمى، سىلەرگە دېمەكچى بولغىنىم —
خۇشاللىققا ئېرىشمەكچى بولغاندا، ئۇنى ئالدى بىلەن باشقى-
لارغا بېرىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

دائىم باشقىلارنىڭ ھال - دەردىگە يەتسەك، شۇ نىشانغا
قاراپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۆزىمىز-
گە ياكى پۈتكۈل جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى ھەيران قالارلىق
بولىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ خاراكتېرىمىزنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل
دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېر ئۆلچىمى شۇ سەۋەبتىن زور دەرى-
جىدە يۇكسىلىدۇ، خۇشاللىقىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپە-
يىدۇ.

ئېيتقانلىرىم ئاددىي قائىدىلەر، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ
يولى، شۇنداقلا بىردىنبىر يول، كىمكى بۇ يولنى بويلاپ
ماڭسا، باياشات، ئەھمىيەتلىك، مول مەزمۇنلۇق كىشىلىك
تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ.

# ئىستېرىيىنى يېڭىش

بىر كۈنى بىر قىز ئەۋەتكەن غەلىتە بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم، مەن قىزنىڭ ئېتىنى بىلمەيمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئىمزاسى ناھايىتى ئالاھىدە بولۇپ، «تۆت قىزنىڭ بىرى» دېيىلگەنىدى. مەن ئۇنىڭ ئىستېرىيىگە گىرىپتار بولغۇچى ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، ئۇ مەندىن ئۆزىگە يول كۆرسىتىشىمنى ئۆتۈنگەنىدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ خېتىدىن بىر ئابزاس ئۈزۈندە بېرىمەن:

«ئىستېرىيە دېگەن نېمە؟ مەن مۇشۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى بىلىمەن، چۈنكى ئائىلىمىزدىكى تۆت قىز ھەممىمىزلا مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدۇق. پەقەت بەزى ئوخشاشماسلىقلارلا بار، خالاس. مەن ئادەتتە ھەممە ئىشنى نورمال ئادەملەردەكلا قىلىمەن، دوستلىرىم مۇشۇ كېسىلىم بارلىقىنى بىلسە، چوقۇم كۈلۈشىدۇ! بىراق مەن بۇ كېسەلنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا قاراپ تۇرسام، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولىدىغانلىقى ماڭا ئايان، شۇڭا سىزدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇرمەن، ماڭا ئاز - تولا يول كۆرسىتىپ بېرەلەرسىزمۇ؟ تۆۋەندە ئېيتىلغانلار مېنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىم...»

بۇ خانقىز ماڭا «ئىستېرىيە دېگەن نېمە؟» دېگەن بىر سوئالنى قويدى، ئىشىنىمەنكى، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بىر كىتاب يېزىلسىمۇ كۇپايە قىلمايدۇ! ھازىر ئۇنىڭ كېسەللىك ئالامىتىدىن بىرقەدەر ئومۇمىي ئەھۋاللارنى تاللاپ سۆزلىمەكچىمەن، ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، مەخپىي ساقلاشقا تېگىشلىك قىسىملىرى ئۈستىدە توختالمايمەن.



بۇ خەتنىڭ ئەڭ ھۆزۈرلاندۇرغان يېرى شۇكى، قىز ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ئىنتايىن تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ئېتىراپ قىلغان، ئازراقمۇ يوشۇرمىغان. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان «ئىستېرىيە» كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئۆزى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ، بەزى ئائىلىلەر دوختۇرنىڭ داۋالاش بۆلۇمىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا قېچىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ئېتىراپ قىلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

ئىستېرىيە توغرۇلۇق سۆزلىسەك، ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامىتى شۇكى، گىرىپتار بولغۇچى ئۇشتۇمتۇت غەزەپلىنىدۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ. بۇ خىل ئىستېرىيە ئاساسەن بالىلاردا بولىدۇ، بوۋاقلاردا بولسا گىرىپتار بولىدىغانلار تېخىمۇ كۆپ. ئادەتتە ئۇ ئاچچىقلىنىش دېيىلىدۇ. «ئىستېرىيە»نى «تۇراقلاشتۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات، ھېسسىياتنى كونترول قىلىش كۈچىنىڭ كەم بولۇشى» دەپ چۈشەندۈرىمىز. لېكىن، يەنە يېڭى بىر خىل ئىنتايىن كۈچلۈك ھېسسىيات پەيدا بولغاندا، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش ھالىتى تەبىئىي ھالدا ئۆزگىرىدۇ.

ئىستېرىيىنىڭ گاھى يىغلاپ، گاھى كۈلىدىغان يەنە بىر خىل بىنورمال ئالامىتى بار، بۇ خىل ئالامەت چوڭ بولۇپ قالغان ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. يەنە ھەرىكەت خاراكتېرلىك ئىستېرىيىمۇ بار، ئۇنىڭدا ئاسان ھاياجانلىنىش بولىدۇ، ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغانلار ئۇشتۇمتۇت بىرەر خۇشاللىققا تەشنا بولىدۇ. بىرقەدەر خە-

تەرلىك بولغىنى ياش ئايالللاردا بولىدىغان ئىستېرىيە. ياشقا
چوڭ بولغان، لېكىن يۈزى ئېچىلمىغان قىزلاردىكى ئالامىتى
ھەر ۋاقىت غەمكىن يۈرۈش، ئۆزىنى بىچارە ھېسابلاش،
ئۆزىنى بارلىق كۈچى بىلەن بېسىشتىن ئىبارەت. يەنە بەزى-
لەردە بۇ خىل كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەندە، ئۇلار ھېس-
سىياتىنى خۇددى توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان ئېقىن سۈيى-
دەك ھەددىدىن زىيادە ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قورقۇش
خاراكتېرىدىكى بىر خىلمۇ بولىدۇ، مەسىلەن، پاي چېكى
سودىسى ئوڭۇشلۇق بولمىغان چاغدىكى ئالاقزادىلىككە ئوخ-
شاش. پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ مەغلۇپ بولغان چاغدىكى
كەيپىيات، شۇنداقلا تىياتىرخانىغا ئوت كەتكەن، ھەممە ئادەم
جان قايغۇسىدا قالغان چاغدىكى ئالاقزادىلىك ئەھۋاللىرىنىڭ
ھەممىسى شۇ قاتارغا كىرىدۇ.
ئاخىرقىسى، ھەددىدىن ئارتۇق شەخسىلىشىش بولۇپ،
ئادەتتە بەك كۆپ كۆرۈلىدىغان بىرخىل ئىستېرىيە، ئىشق-
ۋازلىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشمۇ كېسەللىك ئالامەتلىرى-
نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇ-
چىلار كىچىككىنە ئىشنىمۇ ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىدۇ، بىر
ئىشقا ئاسان غەزەپلىنىدۇ، ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ، ئۆچ ئا-
لىدۇ ياكى كۆڭلىدە غۇم ساقلايدۇ. ئەكسىچە ئېتىقاندا،
ئۇنداقلارنىڭ ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىمۇ ئىنتايىن تەرەق-
قىي قىلغان بولىدۇ، مۇھەببەتلىشىشتىلا شۇنداق بولۇپ
قالماستىن، ئائىلىسىگە، دوستلۇققا بولغان مۇھەببىتىمۇ
ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ؛ ناۋادا ئۇلار بۇ خىل قىزغىنى-
لىقىنى باشقا ئىشقا يۆتكىيەلىسە، ئىنتايىن قىزغىن بىر
ئادەم بولالىشىدا شەك يوق.



يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىستېرىيىگە ئالاقىدار تۇرلۇك
كېسەللىك ئالامەتلىرى ھېلىقى تۆت قىزنىڭ ھەممىسىدىلا
ئاز - تولا تېپىلىدىكەن.
ئەڭ چوڭ قىز توي قىلمىغان تەنھالىق تەرەپدارى ئى-
كەن، ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا «ساينت ۋىتۇس ئۇسسۇلى»
نى ئۆگەنگەنىكەن، قىرىق ياشقا كىرگەندە «ناپاك» مۇھەب-
بەتكىمۇ بېرىلگەنىكەن. لېكىن، ئۇنىڭدا ئىستېرىيە بارلى-
قىنى بىرمۇ دوستى ئۇقمايدىكەن ھەم سەزمىگەنىكەن،
ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەردە بولمايدىغان زېھىن - قۇۋۋەتكە
ئىگە بولسىمۇ، تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال بولغاچ-
قا، ئۇنىڭدا بارى ھەقىقىي كۈچ ئەمەس ئىكەن.
ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ياتلىق بولغان بولۇپ،
بەختلىك ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتقانىكەن،
ئۇنىڭ كۆپلىگەن ياخشى مىجەزلىرى بار ئىكەن، بۇ جەھەتتە
قالغان ئۈچ قىز ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىكەن، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ
ئىرسىيەت ئامىلى ئازراق بار ئىكەن، بەزى جەھەتلەردە ئۇ-
نىڭدىمۇ ئەسەبىيلىك يوق دېگىلى بولمايدىكەن.
ئۈچىنچى قىزغا كەلسەك، ئۇمۇ ياتلىق بولغانىكەن،
لېكىن تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئىككىنچى قىزنىڭكىدەك
لەززەتلىك ئەمەس ئىكەن. ئۇ قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى
يېڭىپ بىر پەرزەنتلىك ئائىلىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ
كېتىۋېتىپتۇ. كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى، ئۇ يەنىلا
خۇشال - خۇرام بولۇپ، بىنورمال ئەمەس ئىكەن. بىراق
ئۇ دائىم دەككە - دۈككىچىلىكتە ئۆتىدىكەن. پسىخولوگىيە
دوختۇرلىرىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، بۇ ئالامەت ناھايىتى مۇ-
ھىم ئىكەن.

بەزى بىر خىل ئىستېرىيىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ چۈش كۆرۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭىدىغانلىقىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل چۈش كۆرۈۋېتىپ مېڭىش — ئۇيقۇلۇق ھالەتتىكى بىر خىل يوشۇرۇن تەسەۋۋۇر. ئۈچىنچى قىزنىڭ كېسەللىك ئالامىتى يەنە ئېغىرلاشسا، چۈش كۆرۈۋېتىپ مېڭىپ كېتىدىغانلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما، دەككە - دۈككىچىلىكنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتمىغانلىقتىن بولۇپ، ئۇ يەڭگىل بىر خىل ئىستېرىيە ياكى «ئويغاق ھالەتتە چۈش كۆرىدىغان» بىر خىل ئادەتتىنلا ئىبارەت. نۇرغۇن باللاردا بۇ خىل كېسەللىك ئالامىتى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

بۇ ئىشلارنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىنى تۆتىنچى قىز بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىشىچە، ئۇ مىجەزى چۈس، ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشنىلا ياقتۇرىدىغان ئايال ئىكەن. ئۇ توي قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئائىلە تۇرمۇشىنى كۆڭۈلدىكىدەك لەززەتلىك دېگىلى بولمايدىكەن، بەختكە يارىشا بالىسى يوق ئىكەن، بۇ ھال ئۇنىڭ يۈكىنى ئازراق يەڭگىللىتەلەيدىكەن. ئۇ ناھايىتى ئىشچان بولۇپ، بەزى قىيىنچىلىقلارنىمۇ يېڭەلەيدىكەن. ئۇنىڭ خىيالىچە بۇ كېسىلى ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدىن باشلانغانىكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى خېلى تەپسىلىي ئېيتقان. ئۇ باشقىلار ئاستىرتىن غەيۋىتىمنى قىلىشىدۇ دەپ دائىم گۇمان قىلىدىكەن، بۇ خىل كەيپىيات گاھىدا ئاڭلانغاندەك، گاھىدا ھېس قىلىنغاندەك بىلىنىدىكەن. ئۇ سۆز قىلغاندا غەلىتە ئاۋاز چىقىرىدىكەن، گاھىدا ئۇنى بوغۇلۇپمۇ قالىدىكەن، شۇڭا ئۇ بوش ئاۋازدا مۇلايىم سۆزلەشكە مەجبۇر بولىدىكەن.



ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىدىن ناھايىتى گۇمان قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قارىشىچە ئۆزى تېخى ناھايىتى ياش، يەنىلا بىر بالا ئىكەن. ئۇنىڭ مىجەزى ئالدىراڭغۇ بولۇپ، ئاچىلىرى بىلەن دائىم ئارازلىشىپ، ئۇلار بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشنى مەڭگۈ خالىمايدىغاندەك كۆرۈنىدىكەن، لېكىن ھەر قېتىمدا ياخشىلىشىپ قالىدىكەن.

ئەمدى مەن يۇقىرىدىكى خىلمۇخىل ئەھۋاللارغا قارىتا بىر ئومۇمىي يەكۈن چىقارماقچىمەن:

بىرىنچى، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەنكى، ئىستېرىيە كېسىلى ۋاقتىنىڭ ئۆزگىرىشىغا ئەگىشىپ بارا - بارا ئاجىزلىشىدۇ. ئۇنى تولۇق ساقايتىشقا قادىر ئەمەسمىز، ئەمما كېسەللىك يىلدىن - يىلغا يەڭگىللەيدۇ.

ئىككىنچى، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلاردا يەنە قاندااقتۇر نېرۋىسى ئېلىنىشىپ قېلىش كېسىلى يۈز بېرىپلا قالمىسا، ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ھېچقانداق خەۋپ يەتمەيدۇ، ئۇلار ئۆز يولىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ؛ ئۇلار ئۆزىدىكى كېسەلنى بالدۇرراق سېزىۋالالىسىلا، بىر خىل ئۈنۈملۈك ۋە مۇۋاپىق تۇرمۇشنى بالدۇرراق پىلانلىۋالالايدۇ.

ئۈچىنچى، مېنىڭ ئېيتقانلىرىم نورمال ھالەتتىكى ياكى نورماللىققا يېقىن ھالەتتىكى ئىستېرىيە، نېرۋىسى تامامەن ئېلىنىشىپ قالغانلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنى دوختۇرلارنىڭ داۋالىشى شەرت.

## «بىر تەرەپلىمىلىك قاراش»نى تاشلاڭ

ياش دوستلار! سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن ياكى سىلەرگە قىزىقارلىق تۇيۇلغان ئىشلارغا ئىشىنىسىلەر، بۇ

ئىشىنىش تەبىئىي هالدا بولىدۇ ياكى ئىشىنىشنى خالىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئىشىنىسىلەر. بىرەر ئىشقا ئىشىنىشىڭلار شۇ ئىشنىڭ شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىسپاتلىغىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشىنىسىلەر. ئەمەلىيەتتە سىلەر ئالدى بىلەن ئىشىنىپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆز ئېتىقادىڭلارنى سەۋەب تېپىپ ئىسپاتلايسىلەر. سىلەرنىڭ نۇرغۇن ئوي - پىكىرلىرىڭلارغا ئازدۇر - كۆپتۇر كەيپىيات تەركىبى قوشۇلغان، سىلەر بۇ نەتىجىگە ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن كۆزقارىشىڭلارنى تەسىرگە ئۇچرىتىسىلەر، ئوي - پىكىرلىرىڭلارنى ئېتىقادىڭلارنى ھىمايە قىلغۇزۇشقا ئىشلىتىسىلەر - دە، پىكىرىڭلارنى ئېتىقادىڭلار بىلەن تەڭپۇڭلاشتى دەپ ئويلايسىلەر.

ئەمەلىيەتتە، ھۆكۈم قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەڭ ئومۇمىي توسالغۇ «بىر تەرەپلىمىلىك قاراش»تىن ئىبارەت. سىز ياخشى كۆرىدىغانلىكى ئادەم ياكى پىكىر بولىدىكەن، سىز ئۇنىڭ پارلاق ياخشى تەرەپلىرىنىلا كۆرىسىز، سىز بىزار بولىدىغان ئادەم ياكى پىكىر بولىدىكەن، ئۇنىڭمۇ پارلاق يامان تەرەپلىرىنىلا كۆرىسىز. بولۇپمۇ ئىرقىي بىر تەرەپلىمىلىك قاراش تولىمۇ ئومۇمىي بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئوخشاش بولمىغان ئىرقتىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا توسالغۇ بولىدۇ.

نورمال شارائىتتا بىز ھەرقانچە كەڭ قورساق بولۇشنى ئويلىساقمۇ، ئەمما ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ نەقەدەر ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېسسىيات ئەۋجىگە چىققاندىلا ئاندىن چۈشىنىمىز! بىر دېلو توغرىسىدا ھەقىقىي پاكىت تېخى تېپىلماي تۇرۇپلا كۆڭلىمىزدە بىر تەرەپلىمىلىك قاراش پەيدا بولۇپ



بولىدۇ، پالانى جىنايەتچى، پالانى گۇناھسىز، دەپ ئويلاپ بولىمىز. بىرەر زور دېلودا بۇنداق «بىر تەرەپلىمىلىك قاراش» بەكمۇ ناچار پسىخىكىلىق ھالەتتۇر!

خۇراپاتلىققا كەلسەك، ئۇنىڭدىمۇ نۇرغۇنلىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بار، كىشىلەر ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتكە ۋە تىلتۇمارغا ئىشىنىدۇ، بۇ، دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىشقۇ؟! بىرمۇنچە كىشىلەر شوتىنىڭ ئاستىدىن ئۆتسە ياكى ئاينىڭ 13 - كۈنىگە توغرا كەلگەن ئازنا كۈنى يولغا چىقسا ياخشىلىق يوق دەپ قارايدۇ؛ ئەگەر ئات تاقىسى ياكى يىڭنە تېپىۋالسا، ئۇلار ياخشى تەلەيدىن بېشارەت دەپ قارايدۇ؛ قولغا ئۆسمە چىقسا، پاقىغا ئۇچرايدۇ، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. ئەڭ كۈلكىلىك ئىش شۇكى، «يانچۇققا بىر پارچە ماگنىت سېلىۋالسا، يەلنى ئالىدۇ؛ تىرىك بېلىققا قاراپ يۆتەلسە، كۆكيۆتەلنى بېلىققا كۆچۈرگىلى بولىدۇ» دەپ قاراش.

بۇنىڭدىن باشقا، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كۆرۈنسە، بالا - قازا كېلەرمىش؛ خۇدادىن غەزەپلىنىپ خۇدانى تىللىسا، ۋابانى قوغلىۋەتكىلى بولارمىش؛ توي تورتىنى چۈشىسە، كەلگۈسىدە توي قىلىدىغان يىگىتى كېلەرمىش؛ ئالىقاندىكى سىزىقلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ ئۆمرىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولارمىش. رەمچىلەر ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ قويسا، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭغا خۇداغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىشىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خۇراپاتلارنى كىم ھەقىقىي ئىسپاتلىيالايدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى «بىر تەرەپلىمىلىك قاراش»تىن كېلىپ چىققانغۇ!

بىز ھاياتىمىزنى قىزىقارلىقراق ئۆتسۇن دەيدىكەنمىز،
ئۇ ھالدا بىر مۇڭگۈزلۈك مەخلۇق، ساھىبجامال سۇ پەرىسى
دېگەنلەرگە ئىشىنىۋەرسەك بولۇۋېرىدۇ. «خۇراپات» بىلەن
«بىلىم»نىڭ چەك - چېگرىسى زادى نېمە ئىكەنلىكىنى دە-
ماللىققا ئايرىشمۇ ھەقىقەتەن تەس.

بىر ۋاقىتلاردا، كىشىلەر ئاتالمىش ئادەمنى قېرىتماي-
دىغان راھەتباغنى ئىزدىشىپ باققان. كىشىلەر تېخى روھى-
نى ئالۋاستىغا بەخشەندە قىلىشىنىمۇ، شۇ ئارقىلىق بىر خىل
سېھىرلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ئۆچ
ئېلىشنىمۇ خالايدۇ ياكى مۇھەببەت قىزىتقۇسىنى تېپىش
يولى بىلەن ئۆز ئاشىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇشىدۇ.
ئىنسانلار بارا - بارا ئېتىقادنى قۇربانلىققا ئايلاندۇرۇپ پۇل
تاپىدىغان قورال قىلىۋالغان، قەدىمكى مىسىردا ئۆزىنى سې-
ھىرگەر دەۋالغان بىرمۇنچە ئادەملەر بولغان، ئۇلار قۇرغاق-
چىلىق يۈز بەرگەن دۆلەتلەرگە بېرىپ، خۇدادىن يامغۇر
تىلەشنى باھانە قىلىپ، بارغانلا يېرىدە پۇل - مال
توپلىغان.

پۇلغا دۇم چۈشكەنلەر پۇل تېپىشنىڭ «ئەپلىك يولى»
نى تاپقاندىن كېيىن، بىر كېچىدىلا باي بولۇشنىڭ كويىغا
چۈشۈپ، ئادەتتىكى ساۋاتلارنى ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ. ئەمما،
ئادەتتە كىشىلەر بارلىق شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى
ياكى قارارلاشقان پىكرى بويىچە تەتقىق قىلىدۇ، ئالىملارمۇ،
ئالىي بىلىم ئالمىغانلارمۇ شۇنداق قىلىشىدۇ.

مىسال ئالساق، قەدىمكى زاماندا ھەممەيلەن يەر شارىنى
ئالەمنىڭ مەركىزى، بارلىق سەييارىلەر يەر شارىنى ئايلى-
نىپ ھەرىكەتلىنىدۇ دەپ قارايتتى. كېيىنكى دەۋرلەرگە



كەلگەندە، يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان
بىر سەييارە ئىكەنلىكى بايقالدى. بۇ پاكىتنى ئادەتتىكى كى-
شىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى، نۇرغۇن
ئالىملار تىرىشىپ دەلىللىگەندىن كېيىنلا كىشىلەر بۇنى تەد-
رىجىي قوبۇل قىلدى.

كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار
ئەقلىي ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ئۇلار بارلىق ئىشنى بىر تە-
رەپلىمىلىك قارىشى بويىچە ئىشلەيدۇ. بىز نېمىشقا قائىدە
بويىچە پىكىر يۈرگۈزەلمەيمىز؟ چۈنكى، بىز شەخسىي تۇي-
غۇدىن تامامەن ئايرىلالمايمىز، پىكىرىمىز ھەممىلا
ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ،
بىز پەقەت بىۋاسىتە تۇيغۇ بويىچىلا ئىشلەيمىز، ئۇ خىل
تۇيغۇ بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

## چۈش ۋە پىسخىك ساغلاملىق

«غەمكىن» دەپ ئىمزا قويغان بىر ياش ماڭا بىر پارچە
خەت يازدى، ئۇنىڭ خېتىدە مۇنداق بىر ئابزاس بار: «مەن
خۇراپىي ئادەم ئەمەس، لېكىن بىر ئىشنى ئېسىمدىن ھېچ
چىقىرالمايمەن، ئۇ بولسىمۇ كېچىدە كۆرگەن چۈشۈمگە بەك
دىققەت قىلىمەن. مېنىڭچە، چۈش ئالدىن بېرىلگەن بىرخىل
بېشارەت. مەن چۈشۈمدە قورقۇنچلۇق ئىش كۆرسەم، ئىك-
كىنچى كۈنى سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىمەن. دائىم
ئۇنداق قىلسام قانداق بولار، مۇنداق قىلسام نېمە ئىش بولار
دېگەن خىيالدىلا يۈرىمەن، راستىنلا بىرەر كېلىشمەسلىك
بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئويلاپ ئولتۇرغۇدەك بىكار

ۋاقتىممۇ يوق، مۇشۇنداق بولغاندا ئازابلىق كۆڭۈلسىزلىكىم بىر ئاز يەڭگىللەيدۇ. ئومۇمەن، ئۆزۈمنىڭ قورقۇنچاقلىقىم ئۆزۈمگە ئايان، بىراق، بۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلۇشۇمغا نېمە چارە بار؟…»

بۇنداق خەتنى تۇنجى قېتىم تاپشۇرۇۋېلىشىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ «چۈش» ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەرنى تاپشۇرۇۋالغان بولسامۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئومۇملاشتۇرۇلغان سوئاللار، مەسىلەن: «چۈشكە ئىشىنەمسىز؟ نېمىشقا چۈش كۆرىمىز؟ چۈش رېئاللىققا ئايلىنامدۇ؟ قۇرۇق خىيالنىڭ ئىشەنگۈدەك يېرى بارمۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئىدى، بۇلارمۇ ھېلىقى «غەمكىن» ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىگە ئوخشاش بىر خىل كەيپىياتنى، بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك - قورقۇنچنى ئىپادىلىگەن، ھەممىسىلا چۈش كەلگۈسى ھەققىدىكى بېشارەت دەپ تونۇغان.

پسىخىك ساغلاملىقتىن ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل ياخشى بېشارەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بىز چۈش كۆرگەندىن كېيىن، پسىخىك جەھەتتە نۇرغۇن ئەنسىزلىكلەرنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇنى كاللىدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى چۈش ھەققىدە نەزەرىيە جەھەتتىن خىلمۇخىل كۆز قاراشلارغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت، چۈنكى، «چۈش كۆرۈش»تىن ئىبارەت بۇ ئىشنى ئەڭ قىزىقارلىق پسىخولوگىيە دېيىشكە بولىدۇ، بۇنى كۆپلىگەن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن.

مۇبادا بىر كىشى قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرگەن، يەنى سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىدا ئوپېراتسىيە قىلىنىپ چۈش كۆرگەن دېيىلى، ئارىدىن ئىككى كۈن



ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ دۈمبىسى ئاغرىسا، نەتىجىدە راستتىنلا بىر چاقا چىقىپ، ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان بولسا، ئۇ كىشى چۈش كۆرۈشنىڭ زادى بىر يېرى بار ئىكەن، بۇنداقمۇ تېز، بۇنداقمۇ ئەينەن چىقامدىغان دەپ قارايدۇ. پسىخىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، «چۈش» بېشارەتكە ۋەكىللىك قىلغان ئەمەس، دۈمبىسىگە چاقا چىققانلىقتىن، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئاغرىقى چۈشتە زاھىر بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىنىپ چۈش كۆرگەن.

كانادادا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئىنژېنېر بولۇپ، ئۇ بىر يامان چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر ئۆلۈپ قالغانمىش! ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ياخشى قارىيالمىغانلىقىنى، خوتۇن - بالىلىرىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئەسلەپ، ئۇلار راستتىنلا ئۆلۈپ قالسا ئۆزىنىڭ ئۇلارغا تولىمۇ يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىغان! شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كۈن كەچكىچە ئازابلانغان. كۈندۈزى كۆپ ئازابلانغانلىقىدىن بولسا كېرەك، شۇ كېچىسى يەنە شۇنداق چۈش كۆرگەن، نەتىجىدە ئۇ تېخىمۇ ئازابلانغان. ئۇ ھەركېچىسى ئوخشاش بىر خىل چۈشنى تەكرار كۆرۈۋەرگەچكە ناھايىتى تىت - تىت بولغان، خاتىرجەم بولالمىغان. ئۇ چۈشنىڭ بىرەر نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغىنىغا ئەزەلدىن ئىشەنمەيدىغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى بۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن نېرى قىلىشقا چارە تاپالمىغان.

ئاخىرى ئۇ شۇنچە يىراقتىن ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ساق - سالامەت تۇرۇۋاتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىنلا كۆڭۈلسىزلىك-

لىغانىدى — ئۇنىڭ قارىشىچە، چۈشىدىكى بېشارەت ئۇنىڭغا قىزىل قالقاننى مىخلىساڭ ئاناڭنىڭ كېسىلى بالدۇرراق ساقىيىپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەننى ئۇقتۇرغانىدى. ئەمدى ئۇ مۇشۇ قىزىل قالقاننى مىخلىمىغان بولسام، ئانام بۇنچىۋالا تېز كېتىپ قالمىغانمۇ بولاتتى، دەپ ئويلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك پۇشايمان ئەكەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قىزىل نەرسىنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئوخشاش چۈش مەنزىرىسىنى رېئاللىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالىدىغانلار چۈشنى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكىتىگىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. چۈش بەزىدە ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ، ئەگەر چۈشتە كۆرۈلگەن ئەھۋال كۆڭلىمىزدە ئويلىغىنىمىز بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقسا، ئادەمگە بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشنىڭ بىر قىسمىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بىر ساناتورىيىدىكى بىمار ئۆيىگە قېچىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. بۇ ساناتورىيىدىكى قوغداش خادىمى بۇ ئىشقا ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلىغان. ھۆكۈم ئېلان قىلىش ۋاقتىدا ئۇ گۇناھىنى ئۆز بويىنىغا ئېلىپ: «بەزىلەر مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇ ئادەمگە ئىمتىياز بېرىشكە، ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەنىدى، بىراق مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ئاخىرى بالا تېرىلدى» دېگەن.

ئەمەلىيەتتە ھېچكىم ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان ئەمەس، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا بۇنداق گەپ قىلغان ئەمەس، بۇ ئەسلىدە ئۇ ئۆزى كۆرگەن چۈشى. ئۇ نېمىشقا بۇنداق چۈش كۆرىدۇ؟ چۈنكى، بۇ بىمارنىڭ قىلمىشى ئۇنى ناھايىتى قاتتىق ئازابقا



سالغان، ھەتتا ئۇنىڭ نورمال خىزمىتىگىمۇ تەسىر يەتكۈزگەن. رېئاللىقنىڭ چۈشكە ئايلىنىشىغا كەلسەك، ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق غەم يېگەنلىكتىن بۇ ۋەقەنى مېنىڭ گۇناھىم كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتىكىچە ساغلام كىشىلەر تولا ھاللاردا چۈشنى بەك مۇھىم بىلىپ كەتمەيدۇ، «بۇ دېگەن بىر چۈشقۇ» دېيىشىدۇ ياكى: «بۇ راست ئەمەس، پەقەت بىر چۈش!» دەيدۇ. ئەگەر بىرەيلەن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىشنى تىلغا ئالغان بولسا ياكى بىرەر قورقۇنچلۇق چۈشنى سۆزلەۋاتقان بولسا، سىز: «مېنىڭ چۈشۈمگە بۇنداق نېمىلەر كىرمەيدۇ!» دېيىشىڭىز مۇمكىن، باشقىچە ئېيتقاندا، سىز چۈش كۆرگەندىمۇ بۇنداق ئىشلارنى چۈشىڭىزدە ھەرگىز كۆرمەيسىز.

ۋەھالەنكى، پاكىتلاردىن شۇنىسى مەلۇمكى، كۈندۈزى قىلىشىڭىز مۇمكىن بولمىغان ئىشلار كېچىدە چۈشىڭىزدە سادىر بولۇشى ھەمدە شۇ ئىشنى چۈشىڭىزدە قىلىشىڭىز مۇمكىن. فولوت مۇنداق دېگەنىدى: «بىز ئەمەلىيەتتە قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا قىلىشنى ئويلىغان بىر خىل ئىدىيە ۋە ئارزۇنى ئەخلاقتا خىلاپ دەپ قارىساقمۇ، بەزىدە چۈشىمىزدە تۇسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شۇ ئىشنى قىلىپ قويىمىز.»

شۇنىڭ ئۈچۈن، فولوتنى قوللايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر نېرۋىسى ئېلىشىپ قالغانلارنىڭ چۈشىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قورقۇش پسىخىكىسىنى سىنايدۇ. بۇ خىل پسىخىك ھالەت خۇددى «جىن» غا ئوخشاش كۈندۈزى مەيدانغا چىقىشقا پېتىنالمايدۇ.

يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈشكە ئوخشاش، بىز چۈشتە قىسمەن ھەقىقەت بارلىقىغا ئىشىنىمىز، بۇ چۈشتىكى مەنزىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بەزىدە رېئاللىقتا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. چۈش تېگىدىن ئېيتقاندا، ئاڭسىز ھالەتتۇر. ئەمما، كۆپ ساندىكى چۈشلەر رېئاللىقتا ئايلانمايدۇ، پەقەت كۈندۈزنى غەم بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۆزىنى چۈشىدە ئەركىن ئىپادىلەشكە بىر پۇرسەت بېرىدۇ، خالاس.

ئۆزىڭىزنىڭ چۈشىڭىزنى مۇشۇنداق ئاقىلانە پوزىتسىيە بىلەن ئىزاھلىيالىسىڭىز، چۈشتىن قورقمايدىغان، چۈشىڭىزدىكى مەنزىرىلەر سەۋەبىدىن گاڭگىراپ يۈرمەيدىغان، چۈشنى قانداقتۇر بىر يامانلىقنىڭ بېشارىتى دەپ قارىمايدىغان بولىسىز.

چۈشنى يامانلىق دەپ قارىمايدىغان، مەنىسىز چۈشلەر ئۈچۈن ئەنسىرەپ يۈرمەيدىغان بولغاندا، شۇنىڭغا كاپالەت بېرەلەيمەنكى، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولىسىز، چۈشىڭىزدە خىلمۇخىل خۇشاللىقلارغا نائىل بولالايسىز.

## «ئۆزلۈكىدىن ئەقىل ئىشلىتىش»كە ئادەتلىنىش كېرەك

يۆلىنىۋېلىش ئىللىتى بار كىشىلەر ھەرقانداق ئىشتا باشقىلارغا يۆلىنىدۇ، ئۆزىدە قىلچە مۇستەقىللىق جاسارىتى بولمايدۇ، بۇنداق ئادەم بولۇش نەقەدەر ئازابلىنارلىق - ھە! نيۇ يوركتىكى بىر مەشھۇر تۇرلۇك مال شىركىتىنىڭ



ئايال دېرىكتورى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جىددىي زۆرۈرلۈكىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن، ئۇ ماڭا ئالاھىدە خەت يېزىپ مۇنداق دېگەن:

«ھۆرمەتلىك پسىخولوگىيە دوختۇرى! بۈگۈن ئۆزۈمنى چاغلىماي سىزگە خەت يېزىپ، سىزنى ماڭا بىر مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە جۈۋاتماقچىمەن: يۆلىنىۋېلىشنى داۋالاشنىڭ چارىسى بارمۇ؟ دەۋاتقىنىم ئەنئەنىۋى ئائىلە ئاياللىرىنىڭ بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلىش، ئىقتىسادىي كىرىم - چىقىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئېرىنىڭ قارار قىلىشىغا يۆلىنىدىغان يۆلىنىۋېلىش ئەمەس، چۈنكى بۇنداق خوتۇنلارغا ھازىر چارە تېپىلىپ بولدى. ئۆزۈمنى ئالسام، مەنمۇ ئائىلەمدە ئۆي ئىشلىرىنى ناھايىتى ياخشى باشقۇرالمايمەن ھەم بىر تەرەپ قىلالمايمەن. ئېرىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئىقتىدارىمغا تايىنىپ سودا ساھەسىدە بىر ۋەزىپىگە ئىگە بولدۇم، ياردەمچىلىكتىن مۇدىرلىققا، مۇدىرلىقتىن يەنە دىرېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلدۈم، ھازىر مەن يەتتە يۈزدىن ئارتۇق ئايال مال ساتقۇچىنى باشقۇرۇشۇم شەرت. مېنىڭ سودا - سېتىق قىلىش تەجرىبەم ناھايىتى يېتەرلىك. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ھەرقانداق بىر دۇكاندا ئومۇمىي ئەھۋال بىلەن تونۇشلۇق، تەجرىبىسى مول بىر مال ساتقۇچى بولىدىغانلا بولسا، باشقا مال ساتقۇچىلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا شۇنىڭغىلا يۆلىنىدىكەن. ھازىر مەن دەل مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىۋاتىمەن، بەزى ئايال مال ساتقۇچىلار ھەقىقەتەن ياردىماس، ئەمما ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتەي دېسەم، دەماللىققا ياخشىراق ئادەم تېپىلماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن، بىرىكىم بىرەر ئىشنى سورىسا ئايال مال ساتقۇچىلارنىڭ ھامان بىر - بىرىگە

ئىتتىرىدىغان، باشقىلارغىلا يۆلىنىۋالىدىغان يامان ئادىتىنى
قانداق چارە بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئۆزى كاللا ئىشلىتە-
دىغان قىلالايمەن؟ ئەپەندىم! ماڭا يول كۆرسىتىپ
بېرەرسىزمۇ؟ »

بۇ ئايال دىرېكتور ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ئۇنىڭ
خىزمەتداشلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. «يۆلىنىۋېلىشتىن ئى-
بارەت بۇ ناچار ئىللەتنى قانداق قىلغاندا يوقاتقىلى بولى-
دۇ؟ » دېگەن بۇ تېما تەلىم - تەربىيە جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ
ئىنتايىن مۇھىم. قىزلار بالا ۋاقتىدا دائىم ئاپىسىنىڭ كۆڭ-
لىكىنى قاماللاپ تۇرىدىغۇ؟ مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى «يۆلىنىۋې-
لىش» نىڭ بىر خىل ئىپادىسى، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بو-
لىدۇكى، بۇ خىل خاراكتېر ئەسلىدە «تۇغما تەبىئەت» تىن
كەلگەن.

بەزىلەردە يۆلىنىۋېلىش ئادىتىنىڭ بولۇشى شۇنىڭ ئۈ-
چۈنكى، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئۇلارنى ئۆز ئالدى-
غا كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئادەم بولمىغان، ئۇلار ئۆز-
لىرى كۈرەش قىلىشنىڭ يولىنى بىلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن
باشقىلارغا يۆلىنىشكە، باشقىلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كۈ-
رەش قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

قەدىمكى زاماندا ھەممەيلەن ئاياللارنىڭ يۆلىنىۋېلىشىنى
بىر خىل ياخشى ئەخلاق دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە
يۆلىنىدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان، ئاياللارمۇ بۇ خىل
ئادەتكە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇپ ئاخىرغىچە يۆلىنىپ
ئۆتكەن. ئەمما، ئادەتتىكى يۆلىنىۋېلىشنىڭ كۆپىنچىسىنى
ئادەم ئۆزى ئالاھىدە يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايال
مال ساتقۇچىلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى



ئىدارە قىلىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان چاغلاردا ناھايىتى
مۇستەقىل بولۇشى مۇمكىن. كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ
كۆڭلىدە: «ئىشنىڭ كۆپ بولغىنىدىن ئاز بولغىنى ياخشى»
دەيدىغان تەشەببۇس بار، بولۇپمۇ كاللا ئىشلىتىدىغان ئىش-
لاردا، ئۇلار بىلىدىغان ئادەمدىن سورىغىنىم، ئۆزۈم كاللا
ئىشلىتىپ تەتقىق قىلغىنىمغا قارىغاندا ئوڭاي بولىدۇ، دەپ
قارايدۇ - دە، ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتىن
ئېرىنىدۇ. بۇ خىل يۆلىنىۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ
ئەڭ زور سەۋەبى ھورۇنلۇقتىن ئىبارەت.

بۇ خىل ئادەتنى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىرى كۆر-
سە، ھېلىقى ئايال دىرېكتوردىنمۇ بەكرەك ئازابلىنىشى مۇم-
كىن. ئالايلۇق، بىر سىنىپتا بىر ئەقىللىق بالا بولسا، ئۇ
كۈن بويى ئىنتايىن ئالدىراش بولىدۇ، چۈنكى شۇ سىنىپتى-
كى يۆلىنىۋېلىش مىجەزى بار ساۋاقداشلىرى قىيىن مەسىلى-
گە دۇچ كەلگەن ھامان ئۇنىڭدىن ئۈزلۈكسىز سورايدۇ.

بۇ خىلدىكى ئىشلار ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئومۇملاشقان،
شۇڭا بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئېغىر مەسىلە دەپ قارايمىز!
خۇددى دەرەخ تېخى نوتا ھالىتىدە تۇرغاندا ئېگىلىپ قالسا،
چوڭ دەرەخ بولغاندىمۇ ئېگىلىپ تۇرغاندەك، بۇ خىل ئادەت-
نىڭ باشلىنىش ۋاقتىمۇ كىچىكىدىن بولىدۇ. شۈبھىسىز-
كى، ئاشۇ ئايال مال ساتقۇچىلارنىڭ يۆلىنىۋېلىش مىجەزى
ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە دەخلى يەتكۈزۈش دەرىجىسىگە يېتىش-
تىن كۆپ يىللار بۇرۇنلا شەكىللىنىپ بولغان.

ئەمدى داۋالاش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەي-
لى، بۇنى داۋالاشنىڭ قانداق چارىسى بارلىقىنى مەنمۇ بىل-
مەيمەن، چۈنكى نۇرغۇن ئالىملار «يۆلىنىۋېلىش» تىن ئىبا-

رەت بۇ ئادەتنىڭ بىر خىل ناچار ئىللەت ئىكەنلىكىنى ئېخى
ئېتىراپ قىلمايدۇ! ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە، ياشلارنى ساغ-
لام پسىخىكىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشتىكى بىرنەچچە نۇق-
تىنى ئۆزگەرتىپ باقساق بۇنىڭ زىيىنى يوق.
شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، روھىي جەھەتتىكى
تەمكىنلىكنى ساقلاشتا «ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش» — ئەڭ
ياخشى ئۇسۇل. نۇرغۇن ياشلار ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولمىغان
چاغدا، يەنى ئېخىچە ئاتا - ئانىسىغا يۆلىنىدىغان مەزگىلدە،
ئۇلارنىڭ دىلى مەيۈسلۈككە ۋە بىئاراملىققا تولغان بولىدۇ،
«ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ماھارىتى»گە ئىگە بولغاندىن
كېيىن، ئۇلار خېلى روھلىنىپ قالىدۇ، بۇ ناھايىتى ئومۇ-
مىي، چۈشىنىشلىك مىسال.
مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، بالىلارنى ئەڭ ياخشى تەربىيىلەي-
دىغان ئۇسۇل ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىشقا قويۇپ
بېرىشتۇر، دېگەننى تەشەببۇس قىلىمەن. دائىم ئىشلىتىپ
كېلىۋاتقان سوئال - جاۋاب ئۇسۇلى بولسا، بالىلاردا يۆلىنى-
ۋېلىش مىجەزىنى يېتىلدۈرىدۇ، خالاس. ئۆزلۈكىدىن تەت-
قىق قىلىش ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ بۇنىڭ
ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئۆزى سوئال سوراش، ئاندىن
يەنە ئۆزى جاۋاب تېپىش كېرەك. شۇڭا ئۆگىنىشكە قىزىقى-
دىغان بەزى ئوقۇغۇچىلار: «مەندىن يەنە بىر سوئال سوراڭ»
دەيدۇ. بۇنى ئەمدى ئۆزگەرتىپ: «ئۆزۈمدىن يەنە بىر سوئال
سوراي ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزۈم جاۋاب تاپاي» دېيىش لازىم.
ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «دەرسلىك كىتاب»لاردا ھەم-
مە جاۋابنى كىتابنىڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويۇشىدۇ. مەن كې-
سىپ ئېيتىمەنكى: «ئۆمۈر مۇساپىمىزدە بۇ خىلدىكى كىتاب-



لارنى ئوقۇش بىزگە ھاجەت ئەمەس! شۇنداقلا بۇنداق كىتاب-
لار بولماسلىقى كېرەك! » شۇنىڭ ئۈچۈن، زامانىۋى «يېڭى
دەرسلىك كىتاب»لاردا مەسىلىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇش كې-
رەك، جاۋابنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزى تاپسۇن، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە ئۇلارنى ھەر ۋاقىت سوئال سورايدىغان، سوئاللارنى
ئامال قىلىپ ئۆزى يېشىدىغان بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش
لازىم.
ئەڭ مۇھىمى «ئۆزلۈكىدىن ئەقىل ئىشلىتىش»كە ئا-
دەتلىنىشىمىز كېرەك، ئالغا بېسىۋاتقان ياشلاردا بۇ شەرت
كەم بولسا بولمايدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېيتساق،
ھېلىمۇ ئېسىڭلاردىدۇر، مېڭىمىز تۇرلۇك مال شىركىتىگە
ئوخشىشىدۇ، ئۇنىڭ بۆلەكلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ
دېگەنىدۇق، شۇڭا بىر ئادەم بىر ئىشتا ئۆزىگە ئۆزى ئىگە
بولسىمۇ، مەلۇم يەنە بىر ئىشتا باشقىلارغا يۆلەنسە ئۇنىڭ
زىيىنى يوق.
يەنە بىر مىسال ئېلىپ كۆرەيلى، خىزمەتتە ئىنتايىن
مۇستەقىل بىر قىز بار ئىدى، ئۇ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان
ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئۆزى پىلانلايتتى، ئۆزى يۈرگۈزەتتى،
ھېچكىمدىن ياردەم سوراپ يۈرمەيتتى، باشقىلاردىن «ياردەم
سوراش» دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئەكسىچە،
خىزمەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا يۆلىنەتتى! ۋەھالەنكى،
ئۇ ئائىلىسىگە قايتقان ھامان باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالاتتى.
ئۇ دائىم: «ئاپا! پالانى كىيىمىم قېنى؟ » «سىڭلىم! كۆزە-
لۈكۈمنى كۆردۈڭمۇ؟ » «ئۇكام! X ئەپەندىنىڭ تېلېفون
نومۇرى قەيەردىكىن، ئىزدىشىپ بەرگىنە» دەپ تووۋلايتتى.
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ «خىزمەت ئادىتى» بىلەن

«ئائىلىدىكى ئادىتى» ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى ئوخشاش بىر بۆلەكتە ئەمەس. بەلكىم: «مۇبادا ئۇ خىزمەتتىكى ئادىتىنى ئائىلىدىكى ئادىتىگە تەتبىق قىلسا، ئۇ تامامەن مۇستەقىل ئادەم بولۇپ كەتمەسمىدى؟» دېگۈچىلەرمۇ چىقار، لېكىن مېنىڭ پىكرىمچە بولغاندا ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ھازىرقى بۇ دەۋر ئەسلىدىمۇ ئىش تەقسىم قىلىنىۋېلىپ ھەمكارلىشىدىغان دەۋر. ئادەم دېگەننىڭ زېھنى چەكلىك بولىدۇ، ئۇ قىز ئۆز خىزمىتىدە ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن مۇستەقىل چىقالىغاندىكىن، نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلاردا ئۇنىڭ باشقىلارغا يۆلىنىشىگە يول قويۇش كېرەك، ھەممىنى ئۆزۈڭ قىل دەپ ئۇنى ئارتۇقچە ھاردۇرۇۋېتىش بىھاجەت!

ئۇنىڭدىن باشقا، «يۆلىنىۋېلىش»نى داۋالاشنىڭ يەنە بىر چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ «مەغرۇرلۇق»تىن پايدىلىنىش. بىراق، بۇ چارە ياللىغۇچى بىلەن دىرېكتورنى خاتالىققا باشلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدا ئۆزىڭىزگە دائىم: «ئۆزۈم يېشەلەيدىغانلىكى مەسىلىنى باشقىلاردىن سوراش ئىنتايىن نومۇسلۇق ئىش! ئۆزۈم ‹بىلمەيدىغان› مەسىلىنى باشقىلاردىن سورىغىنىم ئۆزۈمنىڭ ئۇچىغا چىققان دۆت ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىدۇ!» دەپ تۇرۇڭ. باشقىچە ئېيتقاندا، «خەقتىن سورىماي بىلىۋالالايدىغان»، «مۇستەقىل تەتقىق قىلالايدىغان» بولۇپ، ئۆزىڭىزدىن قانائەتلىنىشنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك.

بىراق، ئۆز كېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، ئالاھىدە زور مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، تەجرىبىسى مول كىشىلەرگە ئىلتىجا قىلىنغان يەنىلا ياخشى، ئەلۋەتتە. باشقىلاردىن ھېچنېمىنى سوراشقا پېتىنالمايدىغان، ئارتۇقچە بېكىنمە ھالەتكە چۈ-



شۈپ قېلىپ، ئۆز بىلمىگىڭىزنىڭ چولتىلىقى سەۋەبىدىن ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىڭىزمۇ ھاجەتسىز، ھەرقانداق ياخشى ئادەتنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي «ئوتتۇرا» ھالەتنى ساقلاش كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە ئۆزىڭىز بىلمەيدىغاننى ئۆگىنىڭ دەپ مەسلىھەت بېرىمەن، بۇ تەلىم - تەربىيىدىكى ئاخىرقى قەدەم ئەمەس، بەلكى تۇنجى قەدەم.

بىرەيلەن ناھايىتى قىزىقارلىق بىر كىتاب يازغان بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ نامى — «كاللىسى ئىشلەيدىغان بولۇش — ئەخلاق جەھەتتىكى مەجبۇرىيەت». توغرا، ئەقلىي ئىقتىدارىڭىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەرەققىي قىلدۇرۇڭ، بۇ، ئۆز قىلمىشىڭىزغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چەك قويغىنىڭىزغا ئوخشاشلا بىر خىل مەجبۇرىيەت! سىز ئەگەر شۇ ئايال مال ساتقۇچىلارنى بىر ئادەمدە ئەقىل - ئىدراكلىق بولۇشىمۇ گۈزەل چىراي بولغانغا ئوخشاش مەغرۇرلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئىش، دېگەن تۇيغۇغا ئىگە قىلالىسىڭىز، بۇ مەسىلە ئۆزلۈكىدىنلا ھەل بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مەسىلە پوزىتسىيە جەھەتتىكى ئىشقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. «ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىش»نى تەشەببۇس قىلىدىغان پوزىتسىيىگە ئىگە بولغاندا، يۆلىنىۋېلىش مىجەزى بار كىشىلەر ئۆزى كاللا ئىشلىتىدىغان بولىدۇ.

فرانكېلىن مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزنى قىلغان: «خىزمەتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئادەملەرنى مەسئۇلىيەتچان ۋە ‹مۇستەقىل› ئىش قىلىدىغان، ئىرادىگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشتە!» ئاندىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەممە ئوقۇغۇچى بىر

تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيدۇ. ئۇلار بەش ھەپتە خىزمەت قىلىپ، بەش ھەپتە ئوقۇيدۇ، بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسىنى تولۇق تاماملاش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان قىلىپ چىقىش مەقسەت قىلىنغان. بۇ خىل مائارىپ تۈزۈمى ماختاشقا تازىمۇ ئەرزىيدۇ، چۈنكى ئىشلار كۆپ ھەم مۇرەككەپ، شۇنداقلا مەسئۇلىيەتچانلىققا ناھايىتى ئېھتىياج بولغان بۇ دۇنيادا يۆلىنىۋېلىشنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق.

## ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئادەم تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىققا نەزەر

سۆزۈمنى بىر ھېكايىدىن باشلىماقچىمەن. بىر توپ ئالىملار يىغىن ئېچىۋاتقاندا، بىر يېزىلىق يىغىن مەيدانىغا ئۇسۇپلا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن قولىدا تاپانچا ئويناتقىنىچە يەنە بىر قارا تەنلىك كىرىپ كەلدى.

شۇنداق قىلىپ يىغىن مەيدانىدا قاتتىق ئەنسىزچىلىك باشلاندى. يېزىلىق بىلەن ھېلىقى قارا تەنلىك ۋەھشىيلەرچە ئېلىشتى. ۋەقە ناھايىتى تېزلا ئاخىرلاشتى. ئۇشتۇمتۇت «پاك» قىلغان بىر پاي ئوق ئاۋازى چىقتى-دە، ھېلىقى ئىككى ئادەم يەنە يىغىن مەيدانىدىن غايىب بولدى. جىددىي ئېلىشىش ۋاقتىنچە تۈگىدى، بۇ ئىشلارنىڭ يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئالىملاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىدا شەك يوق ئىدى.

رىياسەتچى مۇشۇ ۋەقە توغرىسىدا ھەربىر كىشىنىڭ



بىردىن دوكلات تەييارلىشىنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرتىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ بەزى پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ سىناق قىلىشى ئۈچۈن ئوينىغان بىر مەيدان ئويۇنى ئىدى. ئۇلار بۇ ئالىملار بەرگەن دوكلاتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە توغرا چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچىدى.

قائىدە بويىچە، ئالىملارنىڭ كۆزىتىشى بىرقەدەر توغرا بولۇشقا تېگىشلىك، ئۇلار چوقۇم پاكىتنى ئەينى بويىچە خاتىرىلىۋېلىشى، ئۇنىڭغا شاخ - پۇتاق چىقارماسلىقى كېرەك! شۇڭا پسىخولوگلار ئالىملار گۇۋاھچىلىققا تەكلىپ قىلىنسا، ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپ ياخشى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

ئەمما، بۇ قېتىمقى سىناقنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىدەك بولۇپ چىقتى: ھەر تۆت دوكلاتنىڭ بىرى پاكىتتىن ئىنتايىن يىراقلاشقان، تامامەن خاتا دېيىشكە بولىدۇ. جەمئىي قىرىق پارچە دوكلات ئىچىدە بىر پارچە دوكلاتلا بىرقەدەر مۇكەممەلرەك يېزىلغان. «بىرقەدەر» دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىڭلار، دېمەك، ئۇنىڭ بىرقانچە قىسمى يەنىلا تازا توغرا بولمىغان، ئەمما چوڭ جەھەتتە ھېچقانچە مەسىلە يوق بولۇپ، ئۇنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار بەرگەن گۇۋاھلىقنىڭ بىرىگىمۇ تامامەن ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

بىراق، بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى بەكمۇ تاسادىپىي، ۋاقتىمۇ بەكلا قىسقا بولۇپ، باشلىنىشىدىن ئاخىرلاشقىچە يىگىرمە سېكۇنتلا ۋاقىت كەتتى، ئىككى ئويۇن ئوينىغۇچىنىڭ ھەرىكىتىمۇ ناھايىتى جىددىي بولدى، يىغىنغا قاتناش-

قۇچىلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى تەپسىلىي خەۋەر قىلىش ئىمكانىيىتى بەرمىدى، بۇنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرمۇ دوكلات تامامەن توغرا ياكى تامامەن خاتا بولمىغانلىقتىن، بىزنىڭ بەزى تەپسىلاتلارنى تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

كۆپچىلىكنىڭ دوكلاتىدا مۇشتىلىشىش، ئوق ئاۋازى، قارا تەنلىك، يېزىلىق ۋە ئۇلارنىڭ تەخمىنىي سىرتقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئوخشاشراق يېزىلغان. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى تىلغا ئېلىنغان، لېكىن نۇرغۇن جايلىرىغا ئۇلار قاراپ ئۇلگۈرەلمىگەن ياكى مېڭىسىگە دەرھال تەسىر قىلمىغان، شۇڭا ئۇلارنى ياخشى گۇۋاھچى قىلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

ئىنچىكىلەپ تەھلىل يۈرگۈزگەندە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى يەكۈنلەشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، سىز دىققەت قىلمىغان ياكى خاتىرىلەشتە ئۇنتۇپ قالغان ئىشلار. ئەڭ ياخشىسى سىز ۋەقە ئۆزگىرىشىدىكى بەزى تەپسىلاتلارنى، مەسىلەن، كىم ئالدىدا بۆسۈپ كىردى؟ كىم ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ كىردى؟ كىم ئالدى بىلەن قول سالدى؟ كىم ئالدى بىلەن يىقىلدى؟ كىم ئوق ئۈزدى؟ قايسى ۋاقىتتا؟ دېگەنلەرنى ئاستا - ئاستا ئەسكە ئېلىشىڭىز ھەمدە تەرتىپى بويىچە يېزىشىڭىز، ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىمكانقەدەر خاتىرىلىشىڭىز كېرەك.

مۇشۇنداق بولغاندا، ھەربىر ئادەم بەرگەن دوكلاتنىڭ تەپسىلىي يېزىلغان - يېزىلمىغانلىقىغا ئاساسەن ئايرىم - ئايرىم چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز. قىرىق ئادەمدىن ئون تۆت ئادەم يىگىرمە پىرسەنتتىن قىرىق پىرسەنتكىچە تەپسى-



لاتنى ئۇنتۇپ قالغان. ئون ئىككى ئادەم قىرىق پىرسەنتتىن ئەللىك پىرسەنتكىچە تەپسىلاتنى ئۇنتۇپ قالغان. ئون ئۈچ ئادەم ئەللىك پىرسەنتتىن ئارتۇق تەپسىلاتنى ئۇنتۇپ قالغان. پەقەت بىرەيلەننىڭ ئۇنتۇپ قالغىنى يىگىرمە پىرسەنتتىن تۆۋەن بولغان.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، يۈز بەرگەن ۋەقەنى كۆزىتىشكە ماھىر ئالىملار شۇ ھامان دوكلات قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدىن چۈشۈپ قالغىنى ياكى ئۆز ۋاقتىدا كۆزدىتەلمەي قالغىنى يەنىلا ناھايىتى كۆپ بولغان.

ئىككىنچى، بەزى ۋەقەلەر ئەسلىي يۈز بەرمىگەن، لېكىن شەخسنىڭ پەرىزى قىستۇرۇلغان.

ئۈچىنچى، پاكىتنى ئېنىق كۆرەلمىگەن تۇرۇقلۇق مەجبۇرىي چېتىۋېلىشقان.

كىرگەن ئىككى ئادەمدىن بىرىنىڭ قارا تەنلىك ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن كۆرگەن، ئەمما قىرىق ئادەمنىڭ ئىچىدە ئاران تۆت ئادەملا دوكلاتىدا:

«قارا تەنلىك تاقىرباش ئىكەن!»

«قارا تەنلىك پايىنەكۋاش ئىكەن!»

«قارا تەنلىكنىڭ چېچى يوق ئىكەن!»

«قارا تەنلىكنىڭ بېشىدا ھېچنېمە يوق، چاچمۇ كۆرۈنمەيتتىغۇ دەيمەن!» دەپ يېزىلغان.

ھالبۇكى، ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇنلىرى:

«قارا تەنلىكنىڭ چېچى ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەن!»

«ئۇنىڭ چېچى ناھايىتى پاخپايغان...»

«ئۇ ئادەتتىكى شەپكە كىيىۋالغان!»

«ئۇنىڭ كىيگىنى قاسقانلىق شەپكە ئىدى!» دېگەنلەرنى يېزىشقان.

بۇ دوكلاتلار بىر - بىرى بىلەن تولىمۇ زىددىيەتلىك
بولۇپ، بەزىسىدە ئۇنىڭ چىچى ئۇزۇن دەپ، بەزىسىدە تا-
قىرباش دەپ كۆرسىتىلگەن، بەزىسىدە تېخى ئۇنىڭ چېچى
پاخپايغان دەپ تەسۋىرلەنگەن، بەزىلەر ھەتتا چاچ كۆرۈنمەيدى-
تى، شەپكە كىيىۋالغىنىنى كۆردۇم دېگەن، تېخى بەزىلىرى
ئۇنىڭغا قاسقانلىق شەپكىمۇ كىيدۈرۈپ قويغان... قىسقىسى،
بىرلا قارا تەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلا بېشى بار، ئۇنچىۋالا
كۆپ كۆرۈنۈشلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ۋەھالەنكى،
ھازىر نەچچە خىل تەسۋىرلەشلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. تۆت
ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئۇنى تاقىرباش دېگەنىكەن، بىز كۆپ
ساندىكىلەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ تاقىرباشلى-
قىنى توغرا دەپ تۇرايلى.

قارا تەنلىكنىڭ كىيىمىگە كەلگەندە كۆپ ساندىكىلەر
ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قىسقا كۆڭلەك كىيگەنلىكىنى كۆرگەن.
ئەمما رەڭگىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى بىر - بىرىگە
ئوخشاشمايتتى!

«جىگەر رەڭلىك قىسقا يەڭ كۆڭلەك كىيگەن...»
«قىسقا يەڭ قىزىل كۆڭلەك...»
«سىزىقلىق كۆڭلەك...»

ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاق ئىشتان ۋە قىسقا يەڭ قارا كۆڭلەك
كىيگەن، يەنە تېخى چوڭ ھەم قىزىل گالىستۇك تاقى-
غانىدى. بۇ دوكلاتلاردىن كۆرەلەيمىزكى، ئۇلارنىڭ ئۇنتۇپ
قالغانلىرى، قوشقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي چېتىۋالغان-
لىرى ئادەمگە توغرا گۇۋاھچى بولۇش بەك قىيىن ئىكەن،
دېگەننى قاتتىق ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئېھتىمال ۋىجدانىڭىز سىزنى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى-



نى ئاڭلاۋاتقان سوتچىغا «ئۇنىڭ گېپىگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ
كەتمەڭ، چۈنكى گۇۋاھچىلارنىڭ گېپىنىڭ تەگدىن تولىسىغا
ئىشەنگىلى بولمايدۇ!» دەپ سەمىمىي مەسلىھەت بېرىشكە
ئۈندەيدۇ.

توغرا، ھەقىقىي سوت مەيدانىدىكى نۇرغۇن دېلولار بىز
باياتىن تىلغا ئالغان ئىشقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ بولى-
دۇ! بىلىش كېرەككى، دېلودىكى ھەربىر تەپسىلاتنىڭ ئۆزى
مۇھىم بىر ھالقا، ئۇنىڭغا يەنە ۋاقىت جەھەتتىكى كېچى-
كىش، خاتىرىدىكى مەجبۇرىي چېتىۋېلىشلار قوشۇلۇپ،
ھەممىدە گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى جاۋابكارغا
پايدىلىق ياكى پايدىسىز قىلىپ قويىدۇ.

يەنە بىر ئاددىي ھەم ئاسان سىناق بار: كىنودىكى
ۋەقەلىكلەر بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەر شۇ كىنونى كۆرگەندىن
كېيىن بايان قىلغان ۋەقەلىك تولا ھاللاردا زور پەرقلىق
بولىدۇ. ئەسلىي ئىنسانلارنىڭ ئەقلى، كۆزىتىشى ۋە دوكلا-
تىدىن ئىبارەت قورالىنى ئىسپات بېرىش جەھەتكە ئىشلەتكەن-
دە، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئەمما، نۇرغۇن دېلودا
بىزگە گۇۋاھلىق بەرگۈچى كەم بولسا بولمايدۇ، تېخىمۇ
يامان يېرى شۇكى، بىر ئادەمنىڭ «ئادەمگە قاراش» ئىقتىدا-
رىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى ئىسپاتلىشىمىز تولىمۇ
قىيىن.

مەن سوت دائىرىلىرىگە ھەربىر گۇۋاھچى سوتقا كېلىپ
گۇۋاھلىق بېرىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر سىناق
ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كۆزىتىش ۋە دوكلات قىلىش ئىقتىدا-
رىنىڭ ئېنىق، توغرا ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى، گۇ-
ۋاھچى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنى

تەكشۈرۈپ كۆرۈش تەكلىپىنى بېرىمەن.

هازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مېنىڭ بۇ تەكلىپىمنىڭ قوبۇل قىلىنىش ۋاقتى بەك ئۇزاقتەك تۇرىدۇ، ئەمما ئىشەنچىم كامىلكى، ئىنسانلار مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ شۇنداق بىر كۈنلەرگە كەلگەندە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر سىناقتىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ رەسمىيەت ئاخىرى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ.

يۇقىرىدىكى خىلمۇخىل ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۆزىمىز ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى بىر گۇۋاھچى بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىمىزگە قاراپ باقساق زەرەرى يوق.

## مىجەز ۋە «تاڭلاي ئاستى بېزى»

پسىخولوگىيە ئۆگىنىۋاتقان بىر ياش ماڭا خەت يېزىپ مۇنداق دېدى: «مەندە ھازىر ناھايىتى چوڭ بىر گۇمان بار، بەزىلەر ئىنتايىن ئىشەنچىلىك ھالدا بىزنىڭ مىجەزىمىز ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولىدۇ! دېمەكتە، بۇ سۆزنىڭ توغرا ئىزاھى قىلمىشىمىزنى ئۆزىمىز ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس دېگەنلىكمۇ؟»

مېنىڭ جاۋابىم: «بۇ تامامەن خاتا! بۇ، بەدىنىمىزنىڭ ھەر بىر بۆلىكى، قان ئايلىنىش سىستېمىمىز، ئۆپكىمىزنىڭ ئىقتىدارى، ھەزىم قىلىشىمىز، بولۇپمۇ نېرۋا سىستېمىمىز ۋە بەز سۇيۇقلۇقى سىستېمىمىزنىڭ ھەربىرى مىجەزىمىز ۋە قابىلىيىتىمىزگە نىسبەتەن بىر خىل مۇھىم ۋە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.»



ئالىملارنىڭ يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسەن، ئىچكى ئاجراتما بەزلىرى پەيدا قىلىدىغان تەسىرنىڭ ھەربىرى ئالاھىدە ئەھۋال تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ قارالماقتا. ساغلام كىشىگە ئىچكى ئاجراتما بېزىنىڭ ئىقتىدارى ھېچقانداق بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

مۇنداق بىر ئاددىي ئوخشىتىشنى كۆرۈپ باقايلى: «مېڭە ئاستى بېزىنىڭ بىر قىسىم ئىقتىدارى ئېگىز - پاكار بولۇپ قېلىشىڭىزنى بەلگىلەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆسۈشىڭىزگە تەسىر يەتكۈزىدىغان يەنە نۇرغۇن باشقا ئامىللارمۇ بار، گەرچە ئۆزىڭىزنىڭ بەدەن شەكلىڭىزنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىشكە قادىر بولمىسىڭىزمۇ، ئەمما سىز ئۇنى ئەڭ ياخشى چەككىچە تەرەققىي قىلدۇرالايسىز، بۇ سىزنىڭ سەل قارىشىڭىز مۇمكىن بولغان نۇقتا.»

پىكىر يۈرگۈزگەندە مېڭىڭىزنى ئىشقا سالىسىز، ئەلۋەتتە. مېڭىڭىز بىرەر زور زەخىملىنىشكە ئۇچرايدىغان بولسا، پىكىر يۈرگۈزۈشىڭىزمۇ توختىتىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. زەخىملىنىش زور بولمىغاندا، پىكرىڭىز قالايمىقانلىشىدۇ، خالاس.

بىراق، مېڭىڭىزمۇ تېنىڭىزنىڭ بىر قىسمىغۇ؟ باشقا قىسىملار قانغا ئېھتىياجلىق بولغاندەك، مېڭىڭىزمۇ قاننىڭ ئېقىپ تۇرۇشى بىلەن ئىشلەپ تۇرىدۇ. قېنىڭىز ئېقىپ تۇرمىسا، ھوشسىزلىنىسىز، قېنىڭىز راۋان ئاقمىسا، ئۇ ھالدا پىكرىڭىز قالايمىقانلىشىدۇ، بۇ ناھايىتى روشەنغۇ؟

مېڭىڭىز توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن بىر گۆھەر، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ

قىممەتلىك نەرسە، ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىنكاسىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ. مېڭىنىڭ بىر قىسمى «بەز سۇيۇقلۇقى» ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ. بۇ سۇيۇقلۇق پەزلىرى ئىچىدە بويۇننىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۆسىدىغان ئىنتايىن كىچىك بىرى بار. ئۇ «تاڭلاي ئاستى بېزى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ رولى ھەقىقەتەن سىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىر ئورگان.

بىر ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن «يېرىم گومۇش» بالىلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىزغۇ؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قورامىغا يەتكەندىمۇ تۆت ياشلىق نورمال بالىلاردىن ئېگىز بولمايدۇ، ئەقلىنىڭمۇ تۆت ياشلىق بالىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىدا گەپ يوق، بولۇپمۇ بىر نۇقتا باركى، ئۇلار تۆت ياشلىق نورمال بالىلاردەك ئۇنداق ساددا ۋە ئوماق ئەمەس! بۇ خىل گومۇشلۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، كىچىك بىر مەخلۇققىلا ئوخشىشىدۇ.

ئەمما يېقىندا پىسخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش بايقالدى: ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن ئادەم قويىدىن ئېلىنغان تاڭلاي بېزىنى يېسە، ئۇلارنىڭ بويى ئېگىزلەپ قالىدىكەن، چىراي شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىش، جانلىنىش، ئېتىكلىشىش بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ تىلىمۇ ساڭگىلاپ چىقىپ قالمايدىكەن، چېچىمۇ ئىلگىرىكىدەك چىگىشلىشىپ تۇرمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن، ئۇلاردا بەزى ئىشلارغا ئىنكاس، قىزىقىش پەيدا بولىدىكەن.

ئۇلار ئۆزگىرىپ بىرقەدەر ياخشىراق بولۇپ قالسىمۇ



نورمال ئادەم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلاردا نۇرغۇن باشقا كېسەللەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىر گەپنى كۆرەڭلەپ تۇرۇپ ئېيتالايمەنكى، ئۇلار قانداقلا دېگەنبىلەن ئۆزگەردى، ئۇلارنىڭ تۇغما كەمتۈكلۈكى سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن خېلى تولۇقلاندى. بۇ سىناق دوكلاتى بىزگە بەز ئاجراتمىسىنىڭ نورمال يېتىلىشتە نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بەزى ئادەملەرنىڭ بىرەر چوڭ كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ياكى قانداقتۇر بىرەر چوڭ زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇتلا بەدەن قۇرۇلۇشىدا، خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا دائىر مىساللارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بەزىدە ئەقىللىق، روھلۇق، ئىشقا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، كۆڭۈللۈك بىر ئادەمدە ئۇشتۇمتۇتلا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، دۆت، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، تىرىشمايدىغان، ھېچنېمىدىن غەم - ئەندىشە قىلمايدىغان، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، خاپا بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، يەنە چېچى چۈشۈپ كېتىدىغان، ئىششىق پەيدا بولىدىغان ئالامەتلەرمۇ كۆرۈلىدۇ، ھەتتا مۇسكۇل قۇرۇلمىسىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىلمۇخىل ئەھۋاللار تاڭلاي ئاستى بېزى سۇيۇقلۇقىنى ئىستېمال قىلغان ھامان ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ، بۇ كۆپ قېتىملىق سىناقلاردىن ئۆتكەن. تاڭلاي بېزى سۇيۇقلۇقىدىن ياسالغان دورىنى بىر قېتىم ئىچكەندىن كېيىنلا بىماردا ياخشىلىنىش بولىدۇ، داۋاملىق تۈردە بىرنەچچە قېتىم ئىچىپ بېرىلسە، كېسەللىك ئالامىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تامامەن يوقىلىدۇ - دە، بىمار پۈتۈنلەي ساقىيىدۇ.

شۇنداق، دوكتور مېيېرنىڭ: «مانا بۇ دوختۇرلار ئە-
شىنىدىغان جىسمىنى ئاساس قىلغان پسىخىك كېسەللەر-
دۇر. ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ تاڭلاي ئاستى بېزى سۇيۇقلۇقى
نېمىدېگەن سېھىرلىك نەرسە ـ ھە! » دېگەن سۆزى ئەجەبلە-
نەرلىك ئەمەس.
بۇ خىل بەز سۇيۇقلۇقىنىڭ ئىقتىدارى بىلەن گومۇش-
لۇق كېسەللىكىنى ۋە بۇ خىل ئىچكى ئاجراتما كەملىك
كېسەللىكلىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ تاڭ-
لاي ئاستى بېزىنىڭ ھەرىكىتى زىيادە ئېشىپ كەتسە جىم
تۇرالماسلىق، ئورۇقلاش، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىش،
تىترەش، يېمەكلىككە نىسبەتەن زىيادە سېزىمچانلىق، ئۇيقۇ-
سى قېچىش، مىجەزى تۇراقسىز بولۇش، ئۆزىنى قاتتىق
كونترول قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللار
كېلىپ چىقىدۇ. تاڭلاي ئاستى بېزى ھەددىدىن زىيادە يوغى-
ناپ كەتسە، «پوقاق» بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈ-
لىدۇ، ئۇنداق چاغدا تاشقى كېسەللىكلەر بولۇمىنىڭ دوخ-
تۇرلىرى بىر قىسىم زىيادە بەزنى كېسىپ ئېلىۋەتسىلا نور-
مال ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ، تۈرلۈك كېسەللىك ھالەتلىرىمۇ
شۇ ھامان يوقىلىدۇ.
ئەگەر ئوپېراتسىيىدىن كېيىن بەز سۇيۇقلۇقى بەك
ئازىيىپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە، بەز سۇيۇقلۇقىنى
كۆپەك ئىستېمال قىلسىلا يەنە تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ.
قىسقىسى، ئادەمنىڭ تاڭلاي ئاستى بېزى سۇيۇقلۇقىنىڭ
بەك كۆپ بولۇپ كېتىشىمۇ، يېتەرسىز بولۇشىمۇ ياخشى
ئەمەس.
ھەرىكەت قىلىشتىن ئېرىنىدىغان، تىرىشمايدىغان،



دۆت، روھسىز، ئىش خۇشياقمايدىغان ئادەملەر بار، مانا بۇ
شۇ كىشىدە تاڭلاي ئاستى بېزى سۇيۇقلۇقىنىڭ كەملىكىنىڭ
ئالامىتى، بولۇپمۇ قىزلاردا تاڭلاي ئاستى بېزى سۇيۇقلۇقى
يېتەرلىك بولمىسا، يۇقىرىدىكى ئالامەتلەر تولىمۇ ئېنىق
ئىپادىلىنىدۇ. بەز سۇيۇقلۇقى تولۇقلانسىلا بۇ ھالەتمۇ ياخ-
شىلىنىدۇ.
تاڭلاي ئاستى بېزى زىيادە ھەرىكەتتە بولمىسىمۇ ئاسان
ھاياجانلىنىدىغان، ھەپىرەڭ مىجەز، ھېسسىياتىنى كەلسە ـ
كەلمەس ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان ئادەملەرمۇ بار، بۇنداق
قىلمىشلارنى پسىخولوگىيە ئالىملىرى «ئىستېرىيە» دەپ
ئاتايدۇ. بۇ خىل ئىستېرىيە كېسەللىكى تاڭلاي ئاستى بېزى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ ئېھتىمال ياكى ئۇنداق بولۇ-
شىمۇ ناتايىن، بۇ مەسىلىنى بىرەر كىشى تەتقىق قىلىپ
مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسا، ئىستېرىيە كېسەللىكىنى دا-
ۋالاش جەھەتتە بىر يېڭى ئىرا ئېچىلغان بولاتتى.
بىز تىلغا ئالغان تاڭلاي ئاستى بېزى ئادەم بەدىنىدىكى
بارلىق سېھىرلىك سۇيۇقلۇق ئىشلەش بەزلىرىنىڭ بىرى.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە بىزنى ئىدا-
رە قىلىپ تۇرىدىغان پېرسوناژلار. جىنسىي بەز سۇيۇقلۇقى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بەز سۇيۇقلۇقلىرى ئۆزىنىڭ ئوخ-
شاش بولمىغان ئىقتىدارىنى ئىشقا سالىدۇ ھەمدە بىزنىڭ
ئۆسۈشىمىز، يېتىلىشىمىز بىلەن ۋاستىلىك باغلىنىپ تۇ-
رىدۇ، يېشىمىز تەدرىجىي چوڭايغانسېرى بۇ سۇيۇقلۇق بەز-
لىرىنىڭ ھەرىكىتىمۇ بارا ـ بارا ئاجىزلايدۇ، شۇڭا ياشانغان-
لارنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشى چاققان بولماي قالىدۇ، ھاياجان-
لىنىشى ئاز بولىدۇ. مانا بۇ مۇشۇ سۇيۇقلۇق بەزلىرى

ھەرىكىتىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتىدۇر.

شۇڭا فىزىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتە نورمال ھالىتىمىزنى ساقلايمىز دەيدىكەنمىز، بۇنىڭدىكى بىرىنچى ئامىل ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدىغان بولسا جىسمانىي، روھىي جەھەتلەردە نۇرغۇن كېسەللىك ھەلەتلىرى يۈز بېرىدۇ.

قېرىشىمىز ئىچكى ئاجراتمىلارنىڭ بارا - بارا ئازايغانلىقىدىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق، شۇڭا بىزدە يەنە يېڭى ئۈمىد تۇغۇلدى، ئۇ بولسىمۇ قېرىغان چېغىمىزدا بىر خىل ئوپېراتسىيە ئىشلەش يولى بىلەن بەدىنىمىزدىكى سۇيۇقلۇق بەزلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەڭگۈشلىۋەتكىلى بولسا، ئۇ ھالدا بىز قېرىلىقتىن بالىلىققا قايتقان بولاتتۇق.



## ئۈچىنچى باب

# باشقىلارنىڭ يۈرەك تارىنى قانداق سازلاش كېرەك؟

### باشقىلارنىڭ كۆزقارىشىنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەڭ

ئۈۋېن شىركەت مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، فۇبوش ئۈنىڭدىن قولغا كەلتۈرۈش قىيىن بولغان يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ ئۇنى نېمە سەۋەبتىن ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى سورىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن:

«بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى مەزكۇر شىركەتنىڭ باشقا ئىككى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ سۆزىدىن تېپىشقا بولىدۇ. يېڭى باشلىق ماڭا: ‹يۈرىكىمگە ئەڭ چوڭقۇر ئورنىشىپ قالغان ئىش شۇكى، سىزنىڭ باشقىلارنىڭ مەسىلىسىگە ئۆزىڭىزنىڭ مەسىلىڭىزدەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىڭىز...› دېگەنىدى. شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورىمۇ: ‹سىزنىڭ بۇ قېتىم ئۆستۈرۈلۈشكە سازاۋەر بولۇشىڭىزنىڭ سەۋەبلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى سىزنىڭ ھەربىر كىشىگە ھەقىقىي ھەم پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە غەمخورلۇق قىلغانلىقىڭىز، شىركەتتىكى ھەممە

ئادەمنى ناھايىتى تولۇق چۈشەنگەنلىكىڭىز، دېدى.»

بۇ ئىككى كىشىنىڭ سۆزىدىن، ئۇۋېن ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تاپقان، بولۇپمۇ: «باشقىلارنىڭ مەسىلىسىگە ئۆزىڭىزنىڭ مەسىلىڭىزدەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىڭىز» دېگەن بۇ سۆز نەقەدەر مۇھىم ـ ھە!

ئۇۋېننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدە ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىشلىگەنلىكى بىر مۇھىم ئامىل، ئەمما ھېلىقى مۇئاۋىن دىرېكتور ئېيتقاندەك: ئۇنىڭ «شىركەتتىكى ھەممە ئادەمنى ناھايىتى تولۇق چۈشەنلىكى» ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.

بۇ نۇقتىنى ئاسانلا ئورۇندىغىلى بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئەمما ھەممىمىز ئويلاپ باقايلى، مۇشۇ نۇقتىنى ئورۇندىيالايمىزمۇ، يوق؟

قابىل كىشىلەر ئۆزئارا ئالاقە قىلغاندا، بىر ـ بىرىدىكى ھېسداشلىقنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا دىققەت قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەك ئېنىق بىلىۋالالايمەن».

«چىكاگو كۈندىلىك گېزىتى»نى ئەڭ دەسلەپتە نەشر قىلغۇچى لاۋسېننىڭ مۇنداق بىر ھېكايىسى بار، بۇنى ئۇنىڭ ۋارىسى ستوران ماڭا ئېيتىپ بەرگەن.

بولۇشىغا ھاراق ئىچىش ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ئومۇملاشقان، ئەمما لاۋسېن ھاراقتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدىغانلاردىن بولۇپ، ھەرقانداق ياخشى ھاراق ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى.

لاۋسېننىڭ مۇھىم خىزمەتچىلىرىدىن بىرى كېسەل سەۋەبىدىن ئالتە ئاي رۇخسەت سورايدۇ. ئۇ ئىشقا چۈشىدىغان



كۈنى، ئۆزى ئۈستىدە بىرمۇنچە پىتنىلەرنىڭ تارقالغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ: «ئۇ دېگەن بىر ھاراقكەش، ھەممە كېسەلنىڭ سەۋەبى ھاراق» دېيىشىپ يۈرگەنلىكىنى بايقايدۇ.

بۇ پىتنە ـ ئىغۋالارنى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى كۆزلەۋاتقان بىرەيلەننىڭ تارقاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

كېسەل كارىۋىتىدىن تېخى ئەمدىلا چۈشكەن بۇ خىزمەتچى ئۈچۈن بۇ نەقەدەر رەھىمسىز زەربە ـ ھە! ئۇ ھەقىقەتەن ھاراق ئىچەلەيتتى، لېكىن ئەمەلىيەت پىتنىچىلەر ئېيتقاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ لاۋسېنغا ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالىمنى بىلدۈرمىسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇ لاۋسېننى بىللە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

ئۇ لاۋسېنغا بۇ پىتنە ـ ئىغۋالارنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچىسمۇ، ئەمما ئۆزىنى ھاراققا ئالدۇرۇپ قويمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەمما لاۋسېن بىر ئېغىزمۇ گەپ ـ سۆز قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ تېخىمۇ بىئارام بولىدۇ. ئاخىرىدا لاۋسېن ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ: «ھە، دەيدىغىنىڭىزنى دەپ بولدىڭىزمۇ؟ مەن سىزنىڭ تەڭقىسلىقىڭىزنى بىلىپ بولدۇم!» ـــ دەيدۇ ھەمدە خىزمەتكارنى بىر بوتۇلكا شامپان، ئىككى دانە رومكا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. ھاراق رومكىغا توشقۇزۇلغاندىن كېيىن، لاۋسېن رومكىنى كۆتۈرۈپ، ـــ «خوشە، سىزگە سالامەتلىك، خۇشاللىق تىلەيمەن!» دەپ ھاراقنى ئىچىۋېتىدۇ.

پولاتتەك قەتئىي مىجەزلىك لاۋسېن ئۆز خىزمەتچىسىنىڭ تەڭقىسلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن،

ئادەتتە قەتئىي ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئەقىدىسىگە خىلاپلىق قىلىشتىنمۇ ئايانمىدى.

شىمىس باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تامامەن چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر خىل ئالاھىدە ۋاستە قوللىناتتى. تايپىر شىمىسنى تەپسىلىي كۆزەتكەن كىشى ئىدى، ئۇ شىمىسنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «شىمىس بىرەر دوكلات ياكى تەكلىپنى ئاڭلىغاندا، ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن جەزمەن ئالدى بىلەن ئۆزى قايتىدىن بىر قېتىم بايان قىلىپ باقاتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمى ‹ھە!› ياكى ‹ياق!› بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ سىزگە ھېسداش ئىكەنلىكىنى دائىم ئۆز جايىدا ئىپادىلەيتتى. ئۇ خەقنىڭ ئارزۇسىنى تامامەن چۈشەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئاۋارىچىلىكتىن قورقماي، ئۆز تىلى بىلەن بايان قىلىپ بېرەتتى.»

## كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۇسۇلى

فېرت چىكاگودىكى سودا ساھەسىدىكىلەرنىڭ سەركىسى. بىر قېتىم ئۇ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ياللانما خىزمەتچى يىگىت تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىدۇ. سېفىت ئىسىملىك بۇ خىزمەتچى بىر توپ تارقىتىش بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى. بۇ يىگىت بىرقەدەر مۇھىم خىزمەت ئورنىغا كۆتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نازارەتچىسىگە شۇ توغرۇلۇق ئۈچ قېتىم ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئۈچ قېتىمنىڭ ھەممىسىدىلا رەت قىلىنغانىدى. ئاخىر ئۇ فېرتنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۆتۈنۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. فېرت بۇ يىگىتنىڭ نازارەتچىسىدىن:



— ئۇنى نېمىشقا ئۆستۈرمىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئۇنى يۆتكەشنى خالىمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نازارەتچى، — چۈنكى قول ئاستىمدىكى يەنە بىر بولاقچىنىڭ ماھارىتى ناچار، ئىشتىمۇ قاشاڭ، سېفىت بولاقچىلىقتا ئۇستا، مەن ئۇنى تۇتۇپ تۇرمىسام بولمايدۇ.

فېرت بۇ خىل قاراشنىڭ خاتالىقىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى، ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ يىگىتكە ئۆرلەش پۇرسىتى بېرىش كېرەك ئىدى.

بۇ يەردە بىز رەھبەر بولۇشنىڭ قائىدىسى ۋە پرىنسىپىنى چوڭقۇر مەنىسىدىن ھېس قىلالايمىز.

ئەڭ مەنىلىك بولغان ئىش — سېفىت ئوتتۇز ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا مۇشۇ سودا دۇكىنىنىڭ پايچىكى بولغان ھەمدە كېيىن دۇنياغا مەشھۇر لوندون تۈرلۈك ماللار شىركىتىنى قۇرغان. ئەمما بۇ تېخى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئەمەس، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى فېرتنىڭ ئۆزى ۋە ھېلىقى نازارەتچىدە.

ئۆز ۋاقتىدا سېفىتقا «بولمايدۇ» دىن باشقا گەپ قىلمىغان نازارەتچى ئوتتۇز يىلدىن كېيىنمۇ ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىدە تۇرۇۋەرگەن. ئەمما فېرت بولسا كېيىنكىلەرگە ئۇلۇغ نام ـ شۆھرەت قالدۇردى.

فېرت سېفىتنى ئۆستۈرگەندە، بىر تەرەپتىن ئىستىقباللىق بۇ يىگىتنى مەقسەتلىك مۇكاپاتلاشنى ئويلىغان، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بىر خىل تاكتىكىسى بولۇپ، ئۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بارلىق بەختى ئۆز كەسپى ئاساسىدا قولغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى.

ئەرزىمەس ئادەملەر دائىم ئۆزىگە ئوڭايلىق بولۇشىنى كۆزلەپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى توسىدۇ، ئۇلۇغ ئەربابلار ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تېزدىن ئىلگىرىلىشىگە، ھەقىقىي ماھارىتىگە لايىق ئىش قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، يول قويىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن ھېسسىياتداش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتىكى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى.

ئەرزىمەس ئادەملەر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەندە دائىم ئۆزىنىڭ ياردەمچىسىز قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قول ئاستىدىكىلەرنى بېسىپ قويىدۇ. ئۇلۇغ ئەربابلار ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قول ئاستىدىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى كۈچەپ ئىلھاملاندۇرىدۇ.

كىشىلەرنى ئۆزىڭىزگە مايىل قىلىشنىڭ ئەڭ كاتتا ھەم ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى — ئۆزىڭىزنىڭ ئۇلارنىڭ جانجان مەسىلىسىگە نىسبەتەن ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۇلارغا ئىپادىلەپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ھېسداشلىقلا بولسا كۆپايە قىلمايدۇ، ئۇلارنى قەلبىڭىزنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىڭىز كېرەك.

بۇ ئىش قول ئاستىڭىزدىكىلەر ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. ئۇلارنىڭ بەختى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى ئۇلار ئېنىق ھېس قىلسۇن.



## تۆتىنچى باب

# باشقىلارنى قانداق ماختاش كېرەك؟

### باشقىلارنى ماختاشنى قەيەردىن باشلاش كېرەك؟

پودنان ئۆز ۋاقتىدا ئاددىي تاكتىكا ئارقىلىق ھەيران قالارلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

پودنان كىم؟ ئۇ نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە داڭق چىقارغان پودنان كىتاب شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى. ئۇ ۋاشىنگتونغا ئاتايىن بارغان.

شۇ چاغلاردا ئۇ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. چۈنكى، ئىش باشلاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى ئۇنىڭغا ئۈمىدىنى ئۈزۈشنى ئېيتقانىدى. ئەمما، ئۇ قانۇن مەسلىھەتچىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئۈمىدسىزلەنمەي، نۇرغۇن يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر ئارىسىدا ئۆزى يېگانە ھالدا چىڭ تۇردى. مەرتىۋىسى يۇقىرىلارنىڭ ھەممىسى ئۇ تۈزگەن لايىھىنىڭ ماقۇللىنىشىنى توسۇش خىيالىدا بولدى.

بۇ ئىشتا ئەڭ مۇھىم ھالقا كومىتېتتىكى كېپىرىسىن بولۇپ، ئۇمۇ لايىھىگە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئەمما، پودنان ئاخىردا يەنىلا كېپېرسىننىڭ كۆچىگە تايىنىپ غەلىبە قىلدى. ئۇ كېپېرسىنغا نەسىھەت قىلدى، ئۇنى ئۆزىگە تارتتى، توغرا يول بىلەن دوكلاتنى پارلامېنتقا سۇندى.

پودنان ئىنتايىن ئاددىي بىر تاكتىكىنى قوللىنىپ كېپېرسىننىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىگە ئىگە بولۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

كۆرۈشۈشتە پودنان باشتىن - ئاخىر كېپېرسىننى «ئادىل باشلىق»، كومىتېتنى «ئادىل كومىتېت» دەپ ئاتىدى، ئۇ خۇددى سوت مەيدانىدا تۇرغاندەك ئۆز سالاپىتىگە دىققەت قىلدى.

پودنان كېپېرسىننى خۇددى ھېچ ياققا يان باسمايدىغان سوتچى دەپ قارىدى، ئۇنى سوتتىن ئۇستۇن ئورۇنغا قويدى، شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى غەلىبىنى مەدھىيە ئارقىلىق قولغا كەلتۈردى ھەم قاتتىق ئالقىشقا سازاۋەر بولدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان ماختاش بىر خىل ئۈنۈملۈك چارە، شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ غورۇرىنى كۆتۈرگىلى، باشقىلارنىڭ خەيرخاھلىقى ۋە ھەمكارلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇلۇغ داھىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇنداق قىلغان.

لىنكولنمۇ مەدھىيىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر كىشى ئىدى، ۋېنبېرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: «ئادەمنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالايدىغان بىرەر ئىشنى تۇتۇۋېلىپ، قارشى تەرەپنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان گەپنى قىلىش لىنكولننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم ئەمەس» ئىكەن.



لىنكولن ئۆزىمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىر تېمىم شىرنىگە يېپىشىدىغان چىۋىن بىر تېمىم ئۆت سۈيۈقلۇقىغا يېپىشىدىغان چىۋىندىن ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.»

مەيلى ئەرلەر، مەيلى ئاياللار، مەيلى مەرتىۋىسى يۇقىرىلار، ياكى تۆۋەنلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق ماختاشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل ماختاش ئۇلارغا ھەسسىلەپ ئىقتىدار، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، يەنە كېرەكسىز ئورۇنغا ئىشلىتىلىدىغان بىر مۇنچە ماختاشلارمۇ بولىدۇ، ھەتتا بەزى چاغلاردا بۇنداق ماختاشلار گۇمان پەيدا قىلىدۇ، كىشىنى بىزار قىلىپ قويىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ماختاشنىلا بىلىپ، ماختاش سەنئىتىنى بىلمىگەنلىكتۇر.

ماختاشنى ئۈنۈم بېرەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ مىجەزىدىكى ئوخشاشماسلىقلارنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز شەرت.

ماختانچاقلارنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. ئۇلاردا كۆپىنچە بىر خىل ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغان پەسكەش ئاڭ بولىدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا خەقنىڭ ئۆزىگە خۇشامەت قىلىشىنى، ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار ماختالسا خۇشاللىقىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

نۇرغۇنلىغان قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار پەقەت بىرنەچچە خىل ئىشتىلا باشقىلارنىڭ خۇشامەت قىلىشىنى ياقتۇرىدۇ. كىرسىن شاھى لوكفېللېر ۋە پولات شاھى كانىكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى كىشىمۇ باشقى-

لارنىڭ ئۆزىگە خۇشامەت قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاتاق-
لىق ئاخباراتچى كېلى ئۇلارنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئەگەر بىركىم ئۇنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئائىلە ئىگى-
لىكىنى ماختاپ قويسا، بۇ كىرسىن شاھى خۇشاللىقىدىن
ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ
كىشىلەرنىڭ سىز ساخاۋەت ئىشلىرىغا ۋە مەكتەپ ئىچىشقا
تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىسىز، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىنى ياق-
تۇراتتى. ئۇ بۇ خىل گەپلەرنى ئاڭلىغان ھامان ئىنتايىن
ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. بىر قېتىم مەن بىر - ئىككى ئېغىز
خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ مەكتەپتىكى كىچىك بالىلارغا قىل-
غان سۆزىنى ماختاپ قويۇۋېدىم، ئۇ شۇ ھامان ئاجايىپ
خۇشال بولۇپ كەتتى. پولات شاھى كانىكقا كەلسەك، سىز
ئۇنى ئادەتتىكى چاغلاردا جاۋاب بېرىشنى خالىمايدىغان مەسى-
لىگە ئاسانلا جاۋاب بەرگۈزەلەيسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ
مەلۇم بىر قېتىملىق نۇتقىنىڭ قانداق پايدىلىق ۋە قانداق
تەسىرلىك بولغانلىقى ھەققىدە خۇشامەت قىلىپ قويسىڭىزلا
كۇپايە. ئەگەر سىز كانىك بىلەن لوكفېللېرنىڭ سانائەت
داھىيسى ئىكەنلىكىنى ماختىسىڭىز، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى
مۇتلەق قوزغىيالمايسىز، ئۇلار گېپىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن، ئەكسىچە سىزنى سەممىيىتى يوق دۆت ئىكەن
دەيدۇ.»

ئۇنداقتا ئۇلار نېمىشقا «ئائىلە ئىگىلىكى» ۋە «ئاشكارا
نۇتقى» ھەققىدىكى ماختاشلارنى ئاڭلىغاندا ئىنتايىن خۇشال
بولىدۇ؟ چۈنكى بۇ تامامەن ئۆزگىچە بىر تېما، ئۇلار ئاجا-
يىپ ياقتۇرىدىغان شۆھرەتپەرەسلىك.

ھەرقانداق كىشىدە دېگۈدەك مۇشۇنداق ئالاھىدە شۆھ-



رەتپەرەسلىك بولىدۇ، كىشىلەر ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان
شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ئېغىرلىق نۇقتىسى كۆپىنچە ئۆزلىرى-
نىڭ ئىشەنچىسى يوق ئىشلاردا بولىدۇ، ئەمما ئۇلار مۇشۇنداق
ئىشەنچىسى يوق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى ئىپادىلەشنى
ۋە خەقنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولۇشنى بەك خالايدۇ.

سىز ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسى يوق ئىشلىرىدىن بىرەرنى
مەدھىيىلىسىڭىز، ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇ ماختاشنىڭ ئۈنۈمى
بولىدۇ.

بىز ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەن پودناننىڭ كېپىرسىننى
«ئادىل باشلىق»، ئۇنىڭ كومىتېتىنى ھەقىقىي سوت، دەپ
قارىغانلىقى مانا مۇشۇ خىلدىكى ماختاشتۇر.

گراف جېسفېر مۇنداق دېگەن: «ھەر ئادەمنىڭ ئارتۇق-
چىلىقى بولىدۇ، ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇلار ئۆزلىرى ئارتۇقچى-
لىقىم دەپ قارايدىغان تەرىپى بولىدۇ. ئۆزى ئارتۇقچىلىق
دەپ بىلگەن جەھەتتە ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئادىللىق بىلەن
بېرىلگەن تەنقىدىنى قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىنى كۆرسە-
تىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەمما ئىشەنچىسى يوق ئىشلاردا بول-
سا خەقنىڭ خۇشامىتىنى تولىمۇ ياقتۇرىدۇ.»

خاپۇر ئىسىملىك ناھايىتى قابىل بىر كىشىنى جېسفېر
مۇنداق تەنقىد قىلغانىدى: «ئۇ ئۆز قابىلىيىتىنى باشقىلار-
نىڭ ماختىشىغا يول قويمايدۇ، چۈنكى بۇنى ئۆزى ناھايىتى
ئېنىق بىلىدۇ. ئۇ ئاياللارغا بولغان مۇئامىلىدە ئۆزىنىڭ
شاللاقلىقىدىن دائىم قورقۇپ يۈرىدىغان بولغاچقا، باشقىلار-
نىڭ ئۆزىنى سەممىي، سالاپەتلىك دېيىشىنى خالايدۇ. شۇڭا
ئۇ بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئاسانلا باشقىلارنىڭ خۇشامىتىگە
ئەسىر بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا بۇ يەنە ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن

سۆھبەتلىشىشتە ياخشى كۆرىدىغان تېمىسى ۋە ئادىتى. ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، بۇ ئۇنىڭدىكى ئاجىزلىقنىڭ تۈگۈنى.»

ھازىر بىز يەنە بىر ئاچقۇچقا ئىگە بولدۇق، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان شۆھرەتپەرەسلىكلىرىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىشنىڭ چارىسىگە ئىگە بولدۇق.

جېيسفېر مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەملەرنىڭ ئومۇملاشقان ئاجىزلىقىنى ناھايىتى ئاسان تېپىۋېلىشنى ئويلىسىڭىز، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆز تېمىسىنى كۆزىتىڭ، چۈنكى تىل — يۈرەكنىڭ ساداسى، ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ئەڭ ئارزۇ قىلىدىغان ئىشنى چوقۇم ئەڭ كۆپ سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق يېرىنى تېپىپ تاتىلىسىڭىز، دەل قىچىشقان يېرىنى تاتىلىغان بولىسىز.»

كېلى بىزگە ئۆزىنىڭ پەرقى ئىنتايىن زور بولغان ئىككى تىپىك ئادەمنىڭ ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان شۆھرەتپەرەسلىكىنى تېپىۋالغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەلىي نەپكە ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر قېتىم مەن بورو ئىسىملىك بىر باش سودىيە بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولدۇم. ئۇ چاغدا، ئۇ غەربىي قىسىمدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا يېڭىلا نۇتۇق سۆزلەپ بولغانىدى. ئەگەر بۇ ئەپەندىگە ئۇنىڭ نۇتقى ئۈستىدە گەپ قىلسام، ئۇنىڭدا ياخشى تەسىرات پەيدا قىلالمايدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى، چۈنكى نۇتۇق سۆزلەش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ‹باش سودىيە، ئالىي سوت مەھكىمىسىدىكى بىر ئادەمدە بۇنچىلىك ئادەمگەرچىلىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن› دې-



دىم. شۇ ھامان ئۇ ماڭا چىن كۆڭلىدىن كۈلۈمسىرىدى.»

بىرمۇنچە كىشىلەر بىر - بىرىگە زىت گەپلەرنى ئاڭلاشنى ياقتۇرىدۇ؛ تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ماشىنا دەپ قارىشىنى ياقتۇرىدۇ. بىر قېتىم مەن بىرەيلەن بىلەن مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتىم، مەن ئۇنىڭغا: «سىز مۇشۇنداق ئېغىر - بېسىق ۋە سەزگۈر بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، مەن بىزنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى بىلىشنى خالايتتىم» دېدىم. ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپلا گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. دېمەك، بۇ كىشى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئېغىر - بېسىق ۋە سەزگۈر دەپ قارىشىنى خالايتتى.

جېيسفېر بىزگە يەنە مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەرگەن: «ئادەتتىكى قىز - ئاياللارنىڭ تولىسى ناھايىتى ئاددىي - ساددا كېلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سىيماسى گۈزەل، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئادەمگە يېقىشنى خالايدىغان شۆھرەتپەرەسلىكى ھەمدە دائىم باشقىلارغا ئۆزىنى مەدھىيىلەتكۈزىدىغان نۇقتىسى.»

ئەمما شۇنىسى شەكسىزكى، ھەممە كىشىنى مەستانە قىلىدىغان ساھىبجامال پەرىزاتلار ئۆز سىيماسىغا مۇتلەق ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ بولغان، شۇڭا بۇ نۇقتىدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ باشقىلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ماختىسىڭىز، سىزنىڭ ماختىشىڭىز ئۇلارنى جەزمەن گۈلدەك ئېچىلدۇرۇۋېتەلەيدۇ.

## ۋاستىلىك ماختاش ئۇسۇلى

روزۋېلتنىڭ بۇد ئىسىملىك بىر ھەربىي كونۋويى بولۇپ، ئۇ مەدھىيە ۋە خۇشامەتچىلىكنى قاتتىق سۆككەنىدى.

روزۋېلت بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار روزۋېلتقا ئەزەلدىن يېنىپ باقمىغان بولسا كېرەك. بود ئۇلارنى «تەلۋىلەرچە قۇيرۇق شىپپاڭلىتىدىغانلار» دەپ ئاتىغان. ئۇلار دائىم: «ئادەمنى تولىمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە قايىل قىلىدۇ!» «بۇنىڭغا ھەيران قالماسلىق مۇمكىنمۇ؟» دېگەننى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيتتى.

بۇد روزۋېلتقا ئىنتايىن قايىل ئىدى، ئەمما ئۇ ھېلىقىلاردەك «تەلۋىلەرچە قۇيرۇق شىپپاڭلىتىدىغان»لاردىن بولۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. ۋەھالەنكى، روزۋېلتنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ياخشى كۆرۈشىگە ئۇنىڭدەك ئوڭۇشلۇق ئېرىشكەن ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلۇغ ئەربابلار كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە تىنىماي خۇشامەت قىلىشىنى ۋە ھەۋەس قىلىشىنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ. بولۇپمۇ روزۋېلت «ھە، ھە، خوپ، خوپ» دەۋېرىدىغانلارنى مەنسىتمەيتتى.

شۇڭا ۋاستىلىك مەدھىيىلەشنى يېڭىلمەس ئۇسۇل دېيىشكە بولىدۇ.

ئانچە بىلىشمەيدىغان كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ قايسى خىلدىكى ماختاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ ماختىماسلىق كېرەك. ئەڭ مۇھىمى باشقىلارنى خالىغانچە مەدھىيىلەشكە بولمايدۇ. ئەگەر



تامامەن تونۇشمايدىغان بىر ئادەم تۇيۇقسىزلا بىزنىڭ تەقى - تۇرقىمىز، ئىش - ھەرىكىتىمىزنى ماختىسا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ غەزىپى كېلىدۇ.

ناۋادا كىمدۇر بىرىنىڭ بىز يوق يەردە نۇرغۇن ياخشى گېپىمىزنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىساق خۇشال بولماي تۇرالايمىزمۇ؟ بۇ خىل مەدھىيە سۆزىنى يۈزمۇيۈز ئۆزىمىزگە ئاڭلىتىپ ئېيتسا، بىز ئەكسىچە ئوڭايسىزلىنىشىمىز ياكى ئۇنى سەمىمىي ئەمەس ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىشىمىز مۇمكىن. ۋاستىلىك ئاڭلىساق، نېمىشقا قۇلىقىمىزغا شۇنچە ياقىدۇ؟

گېرمانىيىلىك قانخور ۋەزىر بىسمارك ئۆزىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بىر خىزمەتچىنى باش ئەگدۈرۈش مەقسىتىدە پىلانلىق ھالدا باشقىلارغا تازا ماختاپ بەرگەن، ئۇ گېپىمنى ئاڭلىغانلار ماڭا ئۆچمەنلىك قىلغۇچى ھېلىقى خىزمەتچىگە چوقۇم يەتكۈزىدۇ، دەپ بىلگەن.

جېسفېر مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنى بۇنداق ئىدارە قىلىش ھېيلىسى — تەڭداشسىز ماھارەت. خەقنى ئۆزى يوق يەردە ماختىسىڭىز، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى خەققە ياخشى كۆرۈنۈش مەقسىتىدە سىز ئۇچۇن گەپ توشۇمىسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن گېپىڭىزنى سىز ماختىغان كىشىگە توشۇپ بارىدۇ، ھەتتا گېپىڭىزنى كۆپتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئۇسۇل خىلمۇخىل خۇشامەتچىلىك ئىچىدە قۇلاققا ئەڭ خۇشياقىدىغان، شۇنداقلا ئەڭ ئۈنۈملۈك خۇشامەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ.»

ۋاستىلىك ماختاش ئۇسۇلىنىڭ يەنە بىر خىلىمۇ بار. ئادۋوكات بېك ئۆز ۋاقتىدا بۇ خىل ئۇسۇلنى سوتتا قوللانغان. ئۇ بىر چەت ئەللىك سوتچىغا دېلو ئەھۋالىنى بايان

قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭمۇ ئامېرىكىنىڭ يەرلىك پۇقراسى ئە-
مەسلىكىنى خۇددى تاسادىپىي ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەندەك،
ئەمما ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ ھوشيارلىق بىلەن قىستۇ-
رۇپ ئۆتكەن. ھېلىقى سەزگۈر سوتچى ۋە سوتقا قاتناشقان
باشقا بىرقانچەيلەن ئۇنىڭ بۇ خىل ئەپچىل ھىيلىسىگە دىققەت
قىلغان.

بۇ، ئاددىي بىر خىل ھىيلە. مەلۇم جاناب ئۆزىنىڭ
ھېكايە ئېيتىش ماھارىتىنى قالتىس ھېسابلىغان چاغدا بىر
ئۇنىڭغا «سىز پالانىغا ئوخشاش ھېكايە ئېيتىشقا بەك ئۇستا
ئىكەنسىز» دەپ، ئۇنى يۈزمۇيۈز ماختىساق بولۇۋېرىدۇ،
نەتىجىدە ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى
جېسفېر مۇنداق چۈشەندۈردى: «بۇنىڭدا سىز خۇشامەت قىل-
غان كىشىنى مەندىمۇ ئۇنىڭدىكى ئەڭ ياخشى بىرنەچچە خىل
ئەخلاق بار ئىكەنغۇ دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈشتىن باشقا مەق-
سەت يوق.»

بىز شۇنداق يەكۈنگە كېلەلەيمىزكى، بىز بىراۋنى بىۋا-
ستە مەدھىيىلىگەندە ئۇنىڭدىن رەسمىي ۋەدە تەلەپ قىلماس-
لىقىمىز كېرەك.

ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر زۇڭتۇڭى ۋېرسون دېموكراتلار
پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى بولۇپ سايلامغا قاتنىشىۋات-
قان چېغىدا، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ باشقىلار بىلەن
بىرنىكلىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغان. بەزىلەر ۋېرسوننىڭ
كۆپ يىل ئىلگىرى يازغان بىر خېتىنى ئېلان قىلغان بو-
لۇپ، ئۇ خېتىدە مەلۇم بىر پارلامېنت ئەزاسىنى ئۇرۇپ
رەسۋا قىلىۋېتىمەن دەپ يازغانىدى. ۋېرسون بۇ پارلامېنت
ئەزاسىنىڭ كۆڭلىنى بىۋاستە ئېلىشنى ئويلىمىغان، ئەمما



ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاشىنگتوندىكى بىر قېتىملىق زىيا-
پەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ۋېرسون شۇ مەيداندا
سۆزلىگەن نۇتقىدا ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، شان - شەرەپ
قازىنىشىنىڭ سەۋەبى قاتارلىقلارنى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ
مەدھىيىلىگەن. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋېرسون بۇ پارلا-
مېنت ئەزاسى بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالغان، شۇ چاغدا بۇ
پارلامېنت ئەزاسى قىزغىنلىق بىلەن ۋېرسونغا قول بېرىپ،
ئۇنىڭغا ھېلىقى خەتنىڭ ئىشىغا باش قاتۇرۇشى ھاجەتسىز
ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ماختاش بىلەن مەدھىيىلەش — رەھبەرلەرنىڭ ھۆكۈم-
رانلىق يۈرگۈزۈشتىكى ۋە كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى-
دىكى ئەڭ ئۆتكۈر قورالى.

ئەڭ ئىشەنچلىك، ئۈنۈملۈك ماختاش — «بىز باشقى-
لارنى ماختىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنى-
شى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، بىز گەپ
قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىدە قىلچە ئىشەنچ بولمىغان تەرەپ-
لەردە بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئۆي تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئېرى باشقىلارنىڭ
ئالدىدا مەدھىيىلىسە بىزار بولىدىغان ئايال ئاسانلىقچە تېپىل-
مايدۇ. ئەمما، ئادەتتە ئەرلەر ئۆز شىركىتىنىڭ يۈزمۇيۈز
ماختىشىنى ئانچە قەدىرلەپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن ئۇلۇغ
داھىيلار قول ئاستىدىكىلەرنى ماختاشتا ۋاستىلىك ئۇسۇلنى
كۆپرەك قوللىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە قىلچە بېخىللىق
قىلمايدۇ.

# قانداق قىلغاندا ماختاشتىن پايدىلانغىلى بولىدۇ؟

كىرسىن شاھى لوكفېللېرنىڭ خىزمەتدىشى بېتىرفورت بىر قېتىم تىجارەتتە مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ لوكفېللېرنىڭ يېقىلغۇ ماي شىركىتىنى قۇرۇشىغا ياردەملەشكەن ھەمراھلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇ ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقتىن قاتتىق زىيان تارتقان.

كېيىن يۈز بەرگەن ئىش ئۇنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرغان.

بېتىرفورت مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن يولدا كېتىۋېتىپ، لوكفېللېر بىلەن پىلاتوننىڭ كەينىمدىن كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولساممۇ بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قارىماي مېڭىۋەردىم. چۈنكى، مەغلۇبىيىتىم توغرۇلۇق سۆزلەشنى تازا خالىمايتتىم. بىراق، ئۇلار كەينىمدىن چاقىرىپ مېنى توختىتىۋالدى. لوكفېللېر قولىنى مۈرەمگە قويۇپ سەمىمىيلىك بىلەن بوش ئۇرۇپ قويدى ھەمدە:

— قالتىس ئىش قىلدىڭىز، بېتىرفورت، بىز جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئىشىڭىزنى تېخى ھېلىراقتا ئاڭلىدۇق، — دېدى.

مەن ئۇلار مېنى ئەيىبلىشى مۇمكىن، ياكى توغرا بولمىغان بەزى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم.

— لېكىن بۇ ھەقىقەتەن بىر قېتىملىق زور زىيان بولدى، — دېدىم مەن.

— ياق، قولغا كەلتۈرۈش قىيىن بولغان قىممەتلىك



ئىز بولدى، — دېدى لوكفېللېر، — بۇنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغانلىقىڭىزدىن بولغان، شۇڭا بىزگە شۇنچە كۆپ بايلىقنى ساقلاپ بېرەلىدىڭىز، مۇشۇنداق تەدبىرلىك ئىش كۆرۈشىڭىزنى ئويلىمىغانىدۇق.

لوكفېللېر سۆكۈشكە تېگىشلىك ئىشتا بۇرۇنقى قائىدىنى بۇزۇپ، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ماتېرىياللارنى تېپىپ چىققانىدى.

مەدھىيىلەش — كىشىدە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ۋە ياخشى تەسىراتنى باغلاپ تۇرۇشنىڭ بىرخىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. ئەمما ئۇنىڭ قىممىتى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئۇ — كىشىنى داۋاملىق ئىرىشىشقا ئۈندەيدىغان ھاياجانلاندۇرۇش دورىسى، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئۆزگە بولغان ئىشەنچ. بۇ خىل ئۆزگە ئىشىنىش تۇيغۇسى قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ قەلبىدە ئەڭ ئاسان يېتىلىدۇ، سىز پەقەت ئۇلارغا ماختاش ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلسىڭىزلا بولىدى.

شيۇخۋابو كانىڭ ئۇستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كانىڭ ئەپەندى قولىڭىزنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ سىزگە ئىلھام بېرىدىغان، سىزنى مەدھىيىلەيدىغان ئادەم. مەن تۇرمۇشۇمدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داڭلىق شەخسلەر بىلەن ئۇچراشقان بولساممۇ، ئۇنىڭغا يېتەلەيدىغان بىرمۇ ئادەمنى ئۇچراتمىدىم. بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇقىرى، ئەمما ئۇلاردا ئاساسەن كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش روھى كەمچىل، باشقىلارنى زاڭلىق قىلىش، ئۇزۇن - قىسقا دەپ غەيۋەت قىلىش ئادىتى بار، بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىرىشچانلىقنى قوزغاش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟»

مەن بىزنىڭ بۇنى تېخى ئويلاپ يەتمىگەنلىكىمىزدىن گاڭگىرىماقتىمەن، كىمنىڭمۇ بۇنداق ئەھۋالدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپ، باشلىقىغا جاۋاب قايتۇرغۇسى كېلىدۇ. كانىڭ ئەپەندى بۇ ئۇلۇغ پاكىتنى بۇرۇنلا چۈشەنگەن ھەمدە بۇ خىل ئىنچىكە، تىرەن پەلسەپىۋى قائىدىنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن.

ئەمەلىيەتتە شيۇخۋابو كانىڭ روھىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن. بەزىلەر: «كانىڭنىڭ شاگىرتى شيۇخۋابو قول ئاستىدىكىلەرنى مەدھىيىلەشنى ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل كۈچ مەنبەسىگە ئايلاندۇرغان» دېيىشىدۇ.

شيۇخۋابو جىددىي ھەربىي كېمىسازلىق زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولغان چاغدا، ئىشچىلار ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن قىزغىنلىق ئەھۋالى ھەققىدە سىجىكېبوچ بىزگە مۇنۇلارنى دەپ بەردى: «ئۇ دىرېكتوردىن تارتىپ ئىشچىغىچە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تەقدىرنامە تارقىتىپ بەردى، بارلىق خادىملارنىڭ ماھارىتىنى ماختىدى، بۇ شەرەپكە سازاۋەر بولغانلار پۇل بىلەن مۇكاپاتلىغاندىنمۇ بەكرەك خۇش بولۇشتى.

‹قاسىراقلىق يولۋاس› ناملىق ھەربىي پاراخوت يىگىرمە يەتتە كۈندە پۈتتى. گەندىڭ كېمە ياساش مەيدانىنىڭ بارلىق رېكورتلىرى بۇزۇپ تاشلاندى. شيۇخۋابو ھەربىي پاراخوت ياساشقا قاتناشقان ئىسمېنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەبرىكلەپ نۇتۇق سۆزلىدى، ھەر بىرەيلەنگە بىردىن كۈمۈش مېدال ۋە زۇڭتۇڭ ۋېرسوننىڭ خېتىنى تارقىتىپ بەردى.

شيۇخۋابو پاراخوت ياساشقا نازارەتچىلىك قىلغان تومىسىنغا بۇرۇلۇپ، سومكىسىدىن ئالتۇن سائەتتىن بىرنى چە-



قىرىپ، خاتىرە بولۇپ قالسۇن، دەپ ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بەردى.

شيۇخۋابو ئەپەندى بۇ خىل شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىش، مەدھىيە، ئەتىۋارلاش، مۇكاپاتلاش، قوزغىتىش، تەسىرلەندۇرۇش قاتارلىقلارغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ يېڭى ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى. بۇ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىدىمۇ مۇشۇ تاكتىكىغا تايىنىپ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ كەلگىنى بىلەن ئوخشاش ئىدى.»

داھىيلار خۇددى ئېچىرقىغان ئادەملەرگە يېمەكلىك بەرگەنگە ئوخشاش، ئۆگەنگۈچىلەرگە مەدھىيە ئاتا قىلىدۇ، نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇلارغا ئوزۇقلۇق ماددىلىرى ئەڭ يۇقىرى بولغان يېمەكلىك بېرىدۇ.

«چىكاگو كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ نەشر قىلغۇچىسى ستۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقىدا ئۈچ پارچە خەتنى ساقلاۋاتقانلىقىنى، بۇ خەتلەرنى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى باشلىقى يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۈچ پارچە خەتنىڭ ھەممىسىدىلا مېنىڭ خىزمەت نەتىجەم مەدھىيىلەنگەن، بۇ خىل ئىلتىپاتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆزۈمدىن باشقىلار چۈشەنمەيدۇ.»

يۇقىرى دەرىجىلىك بەزى خىزمەتچىلەر ئاسانلىقچە مەدھىيە ئۇسۇلىنى قوللانمايدۇ، بولۇپمۇ ئېغىر - بېسىق ئەربابلار شۇنداق، بەلكىم ئۇلاردا ئۆزۈمنىڭ ئەپچىل چارەم بار، دېگەن ئىدىيە بولۇشى مۇمكىن.

ماختالسا خەتەرلىك ئىش قىلىپ قويىدىغان كىشىلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە. بۇ خىل كىشىلەر مەدھىيىلەنگەن ھامان كۆ-

رەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ - دە، چاكىنىلىشىپ كېتىدۇ.

شۇڭا، بەزىدە كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغان كىشىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئەخلەت - چاۋار ئورنىغا چۈشۈرۈپ قاتتىق تەنقىد قىلىش، قاتتىق سۆكۈش كېرەك.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بار: باشقىلار ئۈچ كۆرىدىغان رەھبەر قول ئاستىدىكىلەرنى دائىم مەدھىيىلەپ باقىدۇ، نەتىجىدە، ئەكسىچە ھالدا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۈچمەنلىكى، گۇمانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتىدۇ - دە، ئۇلارنى غەزەپلەندۈرىدۇ. بەزىدە قول ئاستىدىكىلەر ئىش تاشلاشقا ئوخشاش ۋەقەلەرنى تۇغدۇرىدۇ. ئەمما ھەقىقىي رەھبەر بولغان كىشى بۇ خىل خەتەر تۇپەيلىدىن ھەرگىز مەيۇسلەنمەيدۇ، ئۇ ئەڭ دەسلەپتىلا چارە قوللىنىپ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، ئاندىن مەدھىيىگە ئامراق كىشىلەرنى تەدرىجىي مەدھىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

مەشھۇر جامائەت ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى بودې قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرۇشنىڭ مىزانى سۈپىتىدە ئالتە پرىنسىپ بېكىتكەن. ئۇنىڭ بىر ماددىسى مۇنداق: «ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا ياخشى نام بېرىش، ئۇلارنى ئامما ئارىسىدا مەدھىيىلەش كېرەك.»

ئامېرىكىدا ئەڭ چوڭ ئىككى تۆمۈريول قۇرۇلۇشى مۇتەخەسسىسى بار، بىرىنىڭ ئېتى خېير، يەنە بىرىنىڭ ئېتى خېيلىمىن، بۇ ئىككىسى توغرىسىدا سۆز بولغاندا پېئىر مۇنداق دېگەندى: «خېيرنىڭ ئالاھىدىلىكى قول ئاستىدىكى-



لەرگە ئۈمىد باغلاش ۋە ئۇلارنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت؛ خېيلىمىننىڭ ئالاھىدىلىكى ھەر خىل تالانت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت.»

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ھەر ۋاقىت ئۇلار خۇشاللىق بىلەن قايىل بولىدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئۇلارنى مەدھىيىلەشتۇر. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كىشىلەر ئۆزىدە تازا ئىشەنچ بولمىغان ئىشلاردا مەدھىيىلىنىشنى ئەڭ ياقتۇرىدۇ.

خۇشامەتنىڭ ئازتوقچە كۆپ بولغىنىدىن ئازراق بولغىنى ياخشى. «تەلۋىلەرچە قۇيرۇق شىپپاڭلاتقۇچى» بولۇپ قېلىش ياخشى ئەمەس. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئەڭ ساختا ئادەملەرلا باشقىلارنىڭ توختىماي خۇشامەت قىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

قول ئاستىڭىزدىكىلەرگە نىسبەتەن، مەدھىيە قىزىقىشىنى ۋە ساداقەتنى قوزغايدىغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر. ئۇلارنىڭ نەتىجىسى، تۆھپىسىگە تېگىشلىك باھا بېرىشىڭىز كېرەك. ئاز ساندىكى كىشىلەر مەدھىيە ساداسىدا كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ، چاكىنىلىشىپ تۈگىشىدۇ، بۇنداق ئادەملەرگە دائىم دىققەت قىلىپ تۇرۇش كېرەك. مانا بۇ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نىزام.

# بەشىنچى باب

# ئابرۇيغا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

## كەمتەر بولۇڭ، تۆھپىڭىز ئۆزلۈكىدىن تەقدىرلەنسۇن

ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر زۇڭتۇڭى كولىدگېنىڭ ئۆمرىدە تارىختا يېزىلىپ قالدۇرۇلمىغان ئىشلىرىدىن ئىككىسى بار. بۇ ئىشلار بىزنى ئادەم ئىشلىتىش ھېيلىسىنىڭ يەنە بىر خىل قىزىقارلىق ئۇسۇلىنى تېپىشقا باشلاپ بارىدۇ.

كولىدگې كەمتەرلىكى بىلەن داڭق چىقارغان، ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشىدا ئۇنىڭ كەمتەرلىكى ئىپادىلەنگەن. ئىككىنچى ئىشى يۈزەكى جەھەتتىن ئۇنىڭ كەمتەرلىكى بىلەن دەل-مۇدەل زىددىيەتلىكتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشمۇ كەمتەرلىكتىن تۇغۇلغان. ھازىر بىز بىرىنچى ئىش توغرىسىدا توختىلىمىز:

كولىدگې ئانموستو ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرىدىغان يىلى بىر ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. بۇ، ئامېرىكا تارىخ ئىلمى جەمئىيىتى تارقىتىدىغان مەملىكەت بويىچە شۆھرەتكە ئىگە شەرەپ مېدالى ئىدى، ئەمما ئۇ بۇ ئىشنى ھېچقانداق ئادەمگە ھەتتا ئۆزىنىڭ دادىسىغىمۇ ئېيتمىغان.



ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى خىزمەتكە قوبۇل قىلغان سودىيە فىرت بىر ژۇرنالدىن بۇ ئىش توغرىسىدىكى خاتىرىنى كۆرۈپ قالغان. بۇ چاغدا كولىدگېنىڭ بۇ مېدالنى ئالغىنىغا ئالتە ھەپتە بولغانىدى.

كولىدگې پۈتكۈل ئىشلىرىدا يېزىدىن ئىزچىل تۈردە ئۆسۈپ ئاخىرى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ ئۇلۇغ زۇڭتۇڭ بولغانغا قەدەر، مۇشۇنداق سەمىمىي كەمتەرلىكى بىلەن، سالاھىيىتىنى پەش قىلمايدىغان روھى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئەمدى ئىككىنچى ئىشقا كەلسەك، كولىدگې ئۆلكە پارلامېنت ئەزالىقىغا ئۇدا تەيىنلىنىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، ئۆلكىلىك پارلامېنتتا بىر ئەزالىق ئورۇن بوش ئىكەن دېگەن خەۋەرنى ئۇشتۇمتۇت ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سايلامنىڭ ئىككىنچى كۈنى كەچتە كىچىك قارا قول سومكىسىنى ئېلىپ پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ يول ئالىدۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ بوستوندىن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كىچىك قارا قول سومكىسى كۆپ ساندىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئۇنى پارلامېنت ئەزالىقىغا كۆرسىتىشىنى خالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن ۋەدىنامىلەر بىلەن تولغانىدى. شۇنداق قىلىپ كولىدگې سىياسىي ساھەگە قاراپ تۇنجى قەدىمىنى باسقان ھەم ئۆلكىلىك پارلامېنت باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

بۇ كەمتەر كىشىنىڭ مۇۋاپىق پەيتتە ئەڭ تېز ۋە يېقىن يول بىلەن بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئوچۇق كۈندە چاقماق چاققاندەك بىر ئىش بولدى.

كەمتەرلىكى بىلەن داڭق چىقارغان يەنە بىر كىشى ئۇس-

ىندە توختىلىمىز. جېكسون ئامېرىكىنىڭ جەنۇب بىلەن
شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ سەر-
كەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ، «تەگرى ئاتا قىلغان كەمتەر-
لىك» جېكسوننىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇ ھەربىي
مەكتەپتىكى چېغىدىلا كەمتەرلىكى بىلەن ماختاشقا سازاۋەر
بولغان. كېيىنچە ئۇ «تاش شەھەر» ئۇرۇشى ھەققىدىكى
مەدھىيىنىڭ قىسىمدىكىلەرگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەكلىكى،
ئۆزىگە تەۋە بولۇپ قالماسلىقىنى بار كۈچى بىلەن ئىزاھلىد-
غان؛ مېكسىكا ئۇرۇشىدا گېنېرال سېكىتوت ئۇنىڭ باتۇر-
لۇقىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاشكارا مەدھىيىلە-
گەن بولسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردا جېكسون بۇ ئىشنى زادىلا
تىلغا ئېلىپ باقمىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغ-
قان، دوست - يارەنلىرى ئالدىدىمۇ قىلچە ئېغىزغا ئېلىپ
باقمىغان.
ئەمما، جېكسون مېكسىكا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىلىدە ھەدىسىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ شان - شۆھرەت
قازىنىش خىيالىنى ۋە پىلانىنى ئېيتقان، شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قىيىنچىلىققا
ئۇچرىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى يازغان.
چۈنكى ئۇ چاغدا، ئۇ تېخى ئادەتتىكى كونۋوي ئىدى.
ئابرۇي ئىستىكىدە يۈرگەن، باتۇر ھەم ھەقىقىي كەمتەر بۇ
ئادەم ئىشلارنى ناھايىتى زېرەكلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ
تۇراتتى، ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ گېنېرال
سېكىتوتنىڭ ماختىشىغا ۋە بىرقانچە قېتىم ئۆستۈرۈشكە
سازاۋەر بولغانىدى.
بۇ يەردە شۇنى كۆردۇقكى، جېكسون كولىدگېغا ئوخ-



شاش سەمىمىي كەمتەرلەردىن بولۇپ، ئۆسۈشنى ئۆزلۈكىد-
دىن قولغا كەلتۈرۈش ئىستىكىدە ئىدى. كۆرۈنۈشتە زىددى-
يەتلىكتەك بىلىنىدىغان بۇ خىل ئەھۋالنى ھەرقانداق
ئۇلۇغ داھىيلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. ئەم-
ما، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق زىددىيەت يوق،
بارى تامامەن قىل سىغمايدىغان ئابرۇيدىنلا ئىبارەت،
خالاس.
مەسىلەن: كىشىلەر لوكفېللېردىن «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ
يوشۇرۇن سىرى»نى سورىغاندا، ئۇ: «مۇۋاپىق پۇرسەت
بولسىلا بولدى، بىر ئادەمنىڭ بەك كۆپ نەرسىنى بىلىشى
ھاجەتسىز» دېگەنىدى.
تۆمۈريول قۇرۇلۇشى مۇتەخەسسىسى خېيلىمىن ھەر-
قانداق چاغدا ناھايىتى كەمتەر پوزىتسىيىدە بولاتتى. ئۇ ئەڭ
كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرنەچچە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاند-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ قەدىناس دوستىدىن بىرى ئۇنىڭ مۇۋەپ-
پەقىيىتىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپمىغان، پەقەت باشقىلاردىن
ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققان، ھەقىقىي ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ
مۇشۇنداق كەمتەرلىك بىلەن داڭق چىقارمىغىنى يوق.
ئاجىز كىشىلەر، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغانلار خەل-
قئالەم ئالدىدا ئۆزىنى پەردازلايدۇ، قانداق قىلىپ باشقىلار-
نىڭ دىققىتىنى تارتىشقا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك كۆپ نەرسە
بىلىدىغانلىقىنى خەققە بىلدۈرۈشكە ھارماي تىرىشىدۇ. ئۇن-
داقلار يۈزەكى، ئۆزىنى قالتىس كۆرسىتىدىغان ئابرۇيغا
ئېرىشىش كويىدىلا يۈرىدۇ. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك مۇشۇنداق
ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە ياشايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار
دائىم ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن تەقدىرلىنىش ئىم-

كانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم ئابرۇيىنى
ئىش باشلىغان ۋاقتىدىن تارتىپلا تۇرغۇزۇپ بولىدۇ.
جەمئىيەتتە ئومۇمەن كىشىلەر شۆھرەتپەرەسلەرگە ۋە
كۆپتۇرمىچىلەرگە ئىشەنمەيدۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھۆ-
كۈمىگە ئاساسلانغاندا بۇ خىل شۆھرەتپەرەسلىك ۋە كۆپتۇر-
مىچىلىك تۇرغۇن تەرەپلەردە ئادەمدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ.
چۈنكى، ئۇنداقلار ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى بەك يۇقىرى مۆل-
چەرلەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا كۆپچىلىك
ئۇنداقلارنىڭ باشقا شەيئىلەرگە بولغان باھاسىنىمۇ خاتاسىز
بولۇشى ناتايىن دېگەن تۇيغۇغا كېلىدۇ. ئەمما، ئادەم ئۆزىگە
ئارتۇقچە تۆۋەن باھا بەرسە، ئارتۇقچە كەمتەرلىك قىلسا ۋە
تارتىنچاقلىق قىلسا ئۇنىمۇ توغرا دېگىلى بولمايدۇ. ساختا
كەمتەرلىك دېمەك ساختا غۇرۇرلۇق دېمەكتۇر، ھەر ئىككى-
لىسى ساختا شۆھرەتپەرەسلىك.
ئىقتىدارلىقلار كەمتەر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا ئۇلار يەنە ئۆزلۈكىدىن يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ ئۇسۇلىنى
بىلىدۇ.

## ئابرۇيىڭىزنى ئۆزىڭىز تىكلەيسىز

فرانكىلىن بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئۆزى تى-
رىشىش زۆرۈرلۈكىنى يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەندىلا بىل-
گەن. ئۇ ئۆتنە ئالغان پۇل بىلەن خىزمەتداشلىرىنىڭ پاي
چېكىنى سېتىۋېلىپ، بىر باسمىچىلىق دۇكىنى ۋە كىچىك-
كىنە بىر گېزىتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان.
باتۇر ھەم تىرىشچان بۇ ياش «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ»



ياشايدىغان، شۇنداقلا مەڭگۈ ئەڭ ئۇلۇغ ئامېرىكىلىق بولۇش-
نى ئارزۇ قىلىپ ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇشقا ئىرادە
باغلىغان، قەرزگە قاتمۇقات بوغۇلۇپ كەتكەن ئەھۋالدا
كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە ئۆز ئابرۇيىنى قەتئىيلىك بىلەن
تىكلىگەن.
فرانكىلىن ئۆزىنىڭ خاتالىق، سەۋەنلىكلىرىنى تۈزى-
تىشكە ئىرادە باغلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ قىلىۋات-
قانلىرىغا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەزمەن جەلپ قىلماقچى
بولغان.
ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاممىنىڭ ئىچىدە ئابرۇيۇمنى
تىكلەشكە دائىم دىققەت قىلىمەن، شۇڭا ھەقىقىي
تىرىشچان، ئاددىي ـ ساددا بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھەرقان-
داق سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىشتىن بارلىق كۈچۈم بىلەن
ساقلىنىمەن. كىيىنىشىم ئىنتايىن ئاددىي ھەم پاكىز، ئە-
زەلدىن ھەرقانداق بىر جايدا لاغايلاپ يۈرمەيمەن… شۇنداقلا
ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئەزەلدىن دائىرىدىن ھالقىپ
كەتكەن، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن يېرىم يوق. بەزىدە قەغەز
ۋە كىنىدىن قەغەز سېتىۋالغاندا ھامان ئۆزۈم قول ھارۋىسىغا
بېسىپ ئىتتىرىپ كېلىمەن. مۇشۇنداق قىلغانلىقتىن ئۆزۈمنى
ئۆتمەي خەقلەر ماڭا تىرىشچان، ئىقتىسادچىل ھەم ئالغا
بېسىشقا ئىنتىلىدىغان ياش ئىكەن، دەپ باھا بېرىدىغان
بولدى. بىرمۇنچە قەغەز سودىسى قىلىدىغان كىشىلەر، مەدە-
نىيەت بۇيۇملىرى ئىمپورت قىلىدىغان كىشىلەر، باسما ما-
شىنىلىرىنى ساتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئاستا ـ ئاستا
يېقىنلاشتى، سودا ئۈستىدە مەن بىلەن بېرىش ـ كېلىش
قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىلەر مېنى

كىتاب بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى، شۇنداق قىلىپ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدىم.»

فرانكېلىن ئۆزىنى جاپاغا سېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن جەلپ قىلغان.

قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئابرۇيىنىڭ قۇرۇقتىن قۇرۇق ئەمەس، بەلكى مۇستەھكەم مەيدان ئاساسىدا تىكلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

«مىننا بورى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلغۇچى جوڭشى ئەيلى ۋاقتىدا ئۆز ئابرۇيىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن تىكلىگەن، نەتىجىدە بىر گېزىتخانىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان. ئۇ تېخى مۇشۇ گېزىتنىڭ مۇخبىرى بولۇۋاتقان چېغىدىلا ئۆز ئىشلىرىنىڭ تەرتىپىنى ئورنىتىشقا باشلاپ، پۇلغا شۇنچە ئېھتىياجلىق بولمىسىمۇ، بىر بانكىدىن ئەللىك دوللار قەرز پۇل ئالغان. جوڭشى شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاشۇ قېتىملىق پۇل قەرز ئېلىش مېنىڭ پۇل قەرز ئېلىشىمنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى، مېنىڭ پۇل قەرز ئېلىشىم ئۆز ئىناۋىتىمنى تىكلەش ئۈچۈن ئىدى، ئەمما مەن ئۆزۈم قەرز ئالغان پۇلنى ئىشلىتىپ باققىنىم يوق. پۇل قەرز مۇددىتى توشقانلىقى ئۇقتۇرۇلغان باغاقچە ئەۋەتىلگەن ھامان ئۇلارغا قايتۇرۇدىغىنىم يەنىلا شۇ بانكىدىن قەرز ئالغان پۇلنىڭ ئۆزى ئىدى. مۇشۇنداق ئىشنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، مەن قەرز ئالىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى بارا - بارا كۆپەيدى، ئاخىر ئىككى مىڭ دوللارنى بىراقلا قەرز ئالدىم.



مەن پۇلغا ئەمەس، ئىناۋەتكە ئېھتىياجلىق ئىدىم. مەن خەققە جوڭشى پۇل قەرز ئالسا چوقۇم قايتۇرىدۇ دېگەننى بىلدۇرۇشۇم كېرەك ئىدى!

مەن سودىغا دائىر بىر گېزىت چىقىرىش پىلانىمنى تۈزگەن چاغدا، نەزەرىيەم تولۇق دەلىللەندى. مەن بۇ گېزىتنى كاپىتال ئاساسىغا چىقىرىشىم كېرەك ئىدى، ئاز دېگەندە ئون بەش مىڭ دوللار كېرەك بولاتتى. مەن بىر بانكىنىڭ بوغالتىرلار بۆلۈمىگە باردىم. دائىم بېرىپ تۇرغانلىقىم سەۋەبىدىن، ئۇلار بىلەن بارا - بارا تونۇشۇپ قالغانىدىم. مەن پىلانىمنى بوغالتىرغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەردىم، بوغالتىر ماڭا ئون مىڭ دوللار قەرز بېرىشنى تولىمۇ خالايدىغانلىقىنى بىلدۇردى، ئەمما ‹سىز دىرېكتور بىلەن بىر قېتىم ئۇچراشسىڭىز›، دېدى. ئاخىرىدا بۇ بانكىنىڭ باشلىقى ماڭا: ‹مەن سىزگە پۇل قەرز بېرىشنى خالايمەن، سىز بىلەن بەك تونۇش بولمىساممۇ، سىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىۋاتقانلىقىڭىزغا ھەمدە ۋاقتىدا تولۇق قايتۇرۇۋاتقانلىقىڭىزغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن›، دېدى.

ئون بەش يىلدىن بۇيان، پىلانىمغا ھامان ئەمەل قىلىپ كەلدىم، بىرنەچچە مۇھىم ئەربابنىڭ مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمغا دىققەت قىلىشىنى ھەمدە ھالقىلىق پەيتكە دۇچ كەلگىنىمدە، بانكىدىكى مۇھىم ئەربابنىڭ سۆزىگە ئوخشاش گەپ قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.»

دېمەك، جوڭشى ئۆزىگە ئىشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى دائىم ھىيلە ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن.

## باشقىلارغا سەممىيىتىڭىزنى بىلدۈرۈڭ

بەزى كىچىك ئىشلاردا ئېھتىياتچان بولۇش نام چىقىرد-
شىمىزنىڭ هالقىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

خېلىك ناھايىتى داڭق چىقارغان ھەم ھەممە ئادەمنى
ئەيمەندۇرىدىغان كىشى بولۇپ، فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق باش
ئەلچى ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆز كەسپىدە ئېرىشكەن مۇۋەپ-
پەقىيەتلىرى ئاساسەن ئادۋوكات بولغان چاغلىرىدا قولغا
كەلگەن. ئۇ ھەممىلا جايدا ئىنتايىن ئېھتىياتچان ئىدى.

ئۇ ھايات مۇساپىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇنداق
بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. بىر قېتىم ئۇ بىرىگە پۇل
ئىشى توغرۇلۇق كېپىللىك قىلغان، نەتىجىدە ئويلىمىغان
يەردىن بۇ پۇلنى كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ تۆلىشىگە توغرا
كەلگەن.

بانكىنىڭ پۇل يىغقۇچىسى ھېسابات تالوننى قوپاللىق
بىلەن ئۇنىڭغا تاپشۇرغاندا، ئۇ بۇ قوپال پۇل يىغقۇچىنى
تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرماستىنلا قوغلاپ چىقارغان. چۈنكى،
بۇ پۇلنىڭ قانۇن بويىچە ئىناۋەتلىك قەرەلى نەچچە كۈن
بۇرۇنلا تۈگىگەن بولغاچقا، بۇ ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ئى-
دى. شۇڭا ئۇ قانۇن جەھەتتە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈس-
تىگە ئالمايتتى.

لېكىن، بۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ خېلىك پۇلنى قاي-
تۇرماقچى ئەمەسمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ
پاكلىقى ۋە تۈز كۆڭۈللۈكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ
ناھايىتى ئاز كىرىمىگە تايىنىپ، بۇ پۇلنى يەنىلا قايتۇرغان.
خېلىك ئۆز ئىناۋىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتە پۇرسەتكىلا تاياذ-



مىغان، بەلكى ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ۋە ئۇنىڭ
سەۋەبلىرىنى بانكىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك خىزمەتچىلىرىگە
بىلدۈرگەن ھەم ئۇلارغا چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغان.

بۇ ئىشتىن كېيىن خېلىك بۇ بانكىدىن زور مىقداردا
قەرز پۇل ئېلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ پۇل
بىلەن ئۇ تارتقان زىيىنىنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماستىن، پاي-
دىمۇ ئالغان. خېلىك كەمتەر كىشى، ئەمما ئۇ ئاسانلا سەل
قارىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقتىن ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن
ئىناۋەت ئىزدىگەن، شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى
تىكلىگەن.

ئارىسمىش نيۇيورك شتاتىنىڭ باشلىقى بولغان چاغدا،
ئىشخانىسىغا بىر يورۇش سۈرەتلىك خەۋەر ئېسىپ قويۇلغان
بولۇپ، ئۇ شۇنىڭغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق تۆھپىلىرىنى
جانلىق ئىپادىلەيتتى، ئۆز شۆھرىتىنى داۋاملىق كۆرگەزمە
قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆز شتاتىدا نۇرغۇن داڭلىق ساناتورىيە،
دوختۇرخانا ۋە باشقا جامائەت ئورگانلىرىنى يېڭىدىن بىنا
قىلدۇرغانىدى.

قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار دائىم ئوخشاش بولمىغان
ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى
باشقىلارغا تەقدىرلەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ روشەن مىساللىرى
شۇكى، «ھەرقانداق داھىينىڭ ھەممىسى ئىناۋىتىنى ساقلاي-
دۇ، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ» دەيدىغان شۆھرەتكە ئىگە. ئەمما،
بىرمۇنچە كىشىلەر بۇ نۇقتىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدۇ، بۇ
ئۇلارنىڭ بىرقەدەر سەممىيەتسىزلىكى ئەمەس، ئېھتىمال
بۇنىڭ ھەممىسى دىققەتسىزلىكتىن بولۇشى مۇمكىن. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارنىڭ

ھەممىسى ئاددىي قوغدىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ، ئۇلار ئاسانلىقچە باشقىلار بىلەن ۋەدىلەشمەيدۇ، ئىمكانىيەت يار بېرىدىغانلىكى دائىرىدە ناھايىتى ئاز ۋەدە بېرىدۇ.

لىنكولن ئىناۋەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ قالىدىغان ۋەدىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باشقىلاردىن قايتۇرۇپ سوئال سورايتتى ياكى ئۇلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى، شۇ ئۇسۇل بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتەتتى.

ۋېرسون «ئاسانلىقچە ۋەدە بەرمەيدىغان»لاردىن ئىدى. بەزىلەر: «كولىدگې ۋەدە بېرىشتىن ئىنتايىن بىزار بولاتتى» دېيىشىدۇ.

سەمىمىي ئادەملەر دائىم كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىدۇ، چۈنكى ئۇلار بەك تارتىنچاق بولغاچقا، ھەرقانداق مۇھىم ئىشنى بايان قىلغاندا ئاڭلىغۇچىغا تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزلىمەي، كۆزىنى ھەريان ئېلىپ قاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ، «بۇ كىشىنىڭ ساداقىتى ساختىمۇ، نېمە؟» دەپ قارايدۇ. ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ خىل ئادەتنىڭ تەسىرى بىلەن مەلۇم بىر خىل ئاجىزلىق ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ئەمما، بۇ خىل كىشىلەر ۋە ئۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغانلار جېسفېرنىڭ تاكتىكىسىنى قوللانسا بۇ ھالىنى ياخشىلىيالايدۇ. جېسفېر: «خەق بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزلەڭ؛ بۇنىڭغا سەل قارىسىڭىز، باشقىلاردا، دىلىدا سەمىمىيلىك يوق ئىكەن، دېگەن يامان خىيالنى پەيدا قىلىپ قويىسىز» دېگەنىدى.

قىسقىسى، مۇكەممەل ئابرۇي تىكلەش ۋە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن، شۇنى ئەستە تۇتۇش



كېرەككى، سەممىيەت، كەمتەرلىك ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆسۈش ئىستىكى تەڭ ھازىرلىنىشى شەرت.

خەقلەر پىششىق بىلىدىغان ياكى ئۇنىڭغا چوقۇم دىققەت قىلغان نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىرىڭىز ۋە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەخلاق - پەزىلىتىڭىزگە نىسبەتەن، ئالاھىدە كەمتەر بولۇشىڭىز كېرەك. خەق سىزگە بېرىشنى خالىغان باھا ئۆزىڭىزنىڭ تەلەپ قىلىپ ئالغىنىڭىزدىن كۆپ ئۇلۇغ بولىدۇ. بۇ خىل كەمتەرلىكنى دائىم ئىپادىلىشىڭىز ھەمدە بۇ خىل كەمتەرلىك نامىڭىزنى چىقىرىشقا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر مەلۇم قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ياكى ئالاھىدىلىكىڭىزگە كىشىلەر قەستەن سەل قارىسا ياكى يامان غەرەز بىلەن باھا بەرسە، ئۇ ھالدا باشقىچە ئۇسۇل ۋە پىلان قوللىنىشىڭىز، مۇۋاپىق پەيتتە مۇۋاپىق ئادەمنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان دىققەت - نەزەرىنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك.

## ئالتىنچى باب

# كۆز قارىشىڭىزنى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىسىز؟

## پىكرىڭىزنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاڭ

ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ بانكىنىڭ باشلىقى مىكىر بىر قېتىم ئۆزىنىڭ هازىرقى مەرتىۋىسىگە سەۋەب بولغان بىر خىل تاكتىكىسىنى بادۇنغا ئېيتىپ بەرگەن.

بىر قېتىم ئۇلار نيويۇركتىكى بانكا كۇلۇبىدا بىرلىكتە تاماق يېگەن. ئۇ چاغدا مىكىر تېخى بانكا باشلىقى بولمىغان، ئەمما شەھەرلىك ئاكسىيە شىركىتى تارماق بانكىسىنىڭ مۇ-دىرلىقىغا تەيىنلىنىپ بولغانىدى.

بادۇن شۇ چاغدىكى ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز دېرىزە ئالدىدا بىردەم تۇردۇق. قۇياش نۇرى بۇلۇتقا باش قويۇپ قەد كۆتۈرگەن بىنالارنىڭ ئۆگزىسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى مەڭگۇ چېكىدىغان بۇ مەن-زىرىگە زوقلانغان هالدا بىرنەچچە ئېغىز قۇرۇق پاراڭ قىل-دىم. مېنىڭ گېپىمنى ئۇنىڭ ئاڭلىغان - ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىراق كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ مەنزىرە ئۇنىڭغا باشقا بىرخىل كۆزقاراشتىن بېشارەت بەرگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا مۇنداق دېگەنىدى:



— بىزنىڭ ئاكسىيە سېتىش ئورنىمىزدىكىلەردىن بىرى دائىم مېنىڭ ئىشخانامغا كېلىپ تۇراتتى، ئۇ ماڭا ئاكسىيە سېتىۋالىدىغان ئادەم تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئۇ ماڭا ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەش-مىدىم، پەقەت ئۇنىڭغا شىلەپىڭىزنى ئېلىڭ، ئىككىمىز بىل-لە بېرىپ بىر نېمە يەپ كېلەيلى، دېدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز مۇشۇ يەرگە كېلىپ، دېرىزە ئالدىدا تۇردۇق، مەن ئۇنىڭغا پەسكە قاراڭە! ئۇ يەردە ئالتە مىليون ئاهالە بار، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى قوشساق يۈز مىليون دوللار-غا يېتىدۇ. ئۇلار بىرەيلەننىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارغا يىغقان پۇلىنى قانداق قىلىپ جايىدا ئىشلىتىشنى ئېيتىپ بېرىشنى كۈتمەكتە، ئىسويدان قاراپ بېقىڭ! دېدىم.»

مىكىرنىڭ بۇ سۆزىدىن دائىم سەل قارىلىدىغان بىر خىل تاكتىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئامېرىكىدىكى چوڭ كارخانىچى خېير تارىختىكى مۇهىم بىر ئىشنى هەل قىلىپ، «قۇرۇلۇش شاهى» بولۇپ، شىمالدىكى چوڭ تۆمۈريولنى پۈتتۈردى. ئۇنىڭ ئادەتتىن تاش-قىرى قابىلىيەتلىك بىر كىشىگە بەزى هەقىقىي ئىشلارنى كۆرسەتكەنلىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ئۇ چاغدا خېيرمۇ ئادەتتىكىدەك بىر ئادەم ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ سان پاۋلودىكى تىنچ ئوكيان تۆمۈريولى شىركىتى ۋەيران بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تەۋەككۇل قىلىپ ئۇنى هۆددىگە ئېلىش خىيالىغا كەلدى، لېكىن نەدىكى پۇلغا هۆددىگە ئالى-دۇ؟ خېير بۇ چاغدا تاكتىكا ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە، هەممە ئىش كانادالىق بانكا خادىمى ستىفېننىڭ

زىممىسىگە چۈشتى. ستىفېن ئۆزىمۇ پايچىك بولۇش بىلەن
بىرگە يەنە نۇرغۇن بانكىرلارنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز پۇللىرىنى
خېيرغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا خىلمۇخىل ئۇكۇنايلىقلارنى
تۇغدۇرۇپ بەردى.

ستىفېن دەسلەپتە بۇ پىلانغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. شۇڭا، خېير ئەپەندى ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە سان
پاۋلودىن پوينزغا ئولتۇرۇپ، ھەممە يېرىنى دات باسقان
تۆمۈريولدا غەربكە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار يېزا - كەنتلەر ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈ-
رۈش رايونلىرىدىن يىراقلاپ، كەڭرى ھەم ئادەمزات يوق
ئوتلاقلارغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتتى. بۇ جايلارغا كەلگەندە
ستىفېننىڭ چىرايىدىن ئەندىشىلىك ئالامەت كۆرۈلۈشكە
باشلىدى، ئۇ ھەدەپ بېشىنى چايقايتتى. ستىفېن ھەسرەت-
لەنگەن ھالدا: «بۇ يەرلەردە قانداقمۇ تۆمۈريول تىجارىتى
قىلغىلى بولسۇن؟» دېدى.

پوينز دېگراف بېكىتىگە كەلگەندە بىر مۇھىم باشلىنىش
يېتىپ كەلدى. بىر قوپال قۇرۇلۇشنىڭ ئەتراپىدا زىچ ئول-
تۇراقلاشقان ئاھالىلەر بار ئىدى، بۇ يەرگە قاتنايدىغان تار
يولغا ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى تولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ، ئىرلاندىيىلىك باش روھانىينىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈ-
رۈش رايونى ئىدى. بۇ يەر ئانچە بەك ئالاھىدە بولمىسىمۇ،
لېكىن بۇ يەرنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ
كۈنى يەكشەنبە بولۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى
ئاھالىلەر ئىبادەتخانىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ستىفېن بۇ نۇرغۇن بوز يەر ئاچقۇچىلارنى سۆيۈنۈش
ئىلكىدە كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا ئۈمىد تۇغۇلۇپ، كۆز



ئالدىغا بۇ چۆل - جەزىرىگە ئېقىپ كېلىدىغان كۆچمەنلەر
مەنزىرىسى پەيدا بولدى. بۇ چاغدا، خېير ھۆددىگە
ئېلىش خىيالىنى ئاز - تولا ئىپادىلىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ستىفېننىڭ پوزىتسىيىسىدە
چوڭ بۇرۇلۇش بولدى، ئۇ خېيرنىڭ پىلانىنى قوللىدى ھەم
تولۇقلىدى، شۇنداقلا خېير بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدى-
غانلىقىنى بىلدۈردى.

باشقىلارنىڭ دىققىتىگە ۋە ھەقىقىي ئىشەنچىسىگە سازاۋەر
بولۇش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك،
ئۇلار بىلەن بىرگە ئەمەلىي تەجرىبىنى باشتىن كەچۈرۈشى-
مىز لازىم. ئادەتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۇلارنى تەسىر-
لەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ كۆرۈش
سېزىمىدىن پايدىلىنىشتۇر. بارلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇ-
لارغا كۆرسىتىش كېرەك. بىز تالانتلىق ئادەملەرنىڭ بۇ
خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئىسپات كۆرسىتىدىغانلىقىنى
دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز.

خۇزى ئەسلىدە بىر هارۋىكەش ئىدى، كېيىن سىرىق
ئاپتوموبىل شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقى-
يىتى ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ماھارى-
تىدىن كەلگەن. ئۇ نۇرغۇن ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئۆزى-
نىڭ ئاپتوموبىلىغا ئەڭ روشەن رەڭنى تاللىغان.

ئامېرىكا تېلېگراف شىركىتىنىڭ سابىق باش دىرېكتو-
رى فوئېر ئۆز پىكرىنى ئاڭلىغۇچىلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈش
مەقسىتىدە، دەپتىرىگە نۇرغۇن شەكىللەرنى زېرىكمەي سى-
زىپ بېرەتتى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ داھىيسى
شىمىستىمۇ شۇنداق ئادەت بار ئىدى، ئۇ سۆز قىلغاندا ئۆز

ئىدىيىسىنى شەكىل ئارقىلىق چۈشەندۈرەتتى. شىمىس پې-
ئىرغا مۇنداق دېگەن: «ھازىرقى ۋاقىتتا، سان ۋە سۆز
كۆپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ
چۈشىنىشى ئۈچۈن شەكىل بولۇشى شەرت.»
بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇلنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر-
مۇنچە سودىگەرلەرمۇ قوللانغان. ئۇلار سودا قىلىشنىڭ ئەڭ
ياخشى ئۇسۇلى مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىش ئىكەنلىكى-
نى بىلىدۇ. ئۇلار بىر كىچىك مىلىچمال سودىگىرى بىلەن
ئالاقە قىلسۇن ياكى بانكا دىرېكتورى بىلەن ئالاقە قىلسۇن،
خەت - چەك، سۈرەت، گرافا، ئېۋرىشكە، تەشۋىقات ۋەرە-
قىسى قاتارلىق ئومۇمەن كۆرسىتىشكە بولىدىغانلىكى نەرسى-
لەرنىڭ ھەممىسىدىن تولۇق ۋە ئاكتىپچانلىق بىلەن پايدىلى-
نىدۇ.

«ئەسلىدە ئىككى مىنۇت سەرپ قىلىپ چۈشەندۈرگىلى
بولىدىغان بىر خىل پىكىرنى بىر شەكىل ۋە ئۇنىڭغا قوشۇم-
چە قىلىنغان بىرنەچچە جۈملە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بىر
مىنۇتتا ئېنىق بايان قىلغىلى بولىدۇ.» مانا بۇ تورنىڭ
«ئىنسانلارنى تەسىرلەندۈرۈش» دېگەن كىتابىدا ئىزاھلىغان
بىر خىل ئۇسۇلدۇر.

باش ئىنژېنېر — رەيفېنۋىر بىر قېتىم ئۆز پىلانىنى
بايان قىلىۋاتقاندا مەلۇم بىر خىزمەتچىنىڭ پەرۋاسىز ئولتۇر-
غانلىقىنى كۆرۈپ، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھېلىقى
خىزمەتچىنى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش پىلان يولغا قويۇلۇۋاتقان
بىر زاۋۇتقا باشلاپ بارغان، نەتىجىدە ئۇ ئۆز پىلانىنى ناھايى-
تى ئوڭايلا يولغا قويغان.

تۈزلانغان يېمەكلىكلەر شاھى خەن جى خىزمەتچىلىرىگە



تېخىمۇ ياخشى خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش مەقسىتىدە دا-
ئىم ئۇلگە تىكلەشكە خۇشتار ئىدى. ئۇ زاۋۇتنىڭ ھەممىلا
يېرىدە سەييارە ئوتتۇق سۆزلەيتتى ھەمدە ئىشچىلار بىلەن
بىللە ئەمگەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇلارغا خىش يۆتكەش، ياغاچ
توشۇشنىڭ تېخىمۇ تېز بولىدىغان ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ
بېرەتتى، ئۆزلۈكىدىن ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشەتتى.
قول ئاستىغىزدىكىلەرنىڭ ئەيىبلەشكە تېگىشلىك نۇر-
غۇن تەرەپلىرى بولسىمۇ ئەيىبلىمەڭ. ۋەنيۇ مېيگى مۇشۇن-
داق تاكتىكىنى ئۆز ۋاقتىدا قوللانغان.

بىر كۈنى ۋەنيۇ مېيگى دۇكانلارنى ئارىلاپ كۆزدىن
كەچۈرۈۋاتقاندا، بىر ئايال خېرىدارنىڭ بىر نەرسە سېتىۋې-
لىش ئۈچۈن پوكەي ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ئەمما ئىككى
ئايال مال ساتقۇچىنىڭ مال ئورايدىغان يىگىت بىلەن قۇرۇق
پاراڭ سېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن
شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ چوڭ ئەرباب دەپ قارايدى-
غان ۋەنيۇ مېيگى پوكەينىڭ ئىچىگە كىرىپ، ھېلىقى ئايال
خېرىداردىن نېمە ئالىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇ خېرىدارغا
مالنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان چاغدىلا ھېلىقى ئىككى
ئايال مال ساتقۇچى ئاندىن ئېسىنى يىغىپ ئالمان - تالمان
يېتىپ كېلىدۇ، ۋەنيۇ مېيگى مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن ئۇ-
لارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز
قىلمايدۇ. شۇنداق، ئارتۇقچە گەپنىڭ ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر-
يىتى يوق ئىدى.

ھەقىقىي شەيئىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ
دىققىتىنى ئەڭ ئاسان تارتقىلى بولىدۇ، ئۇ ئاسانلىقچە خەق-
نىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. مەيلى بىز تەلىم بەرگەندە،

ياكى مال سېتىۋاتقاندا، نەسىھەت قىلغان ياكى ئەيىبلىگەندە بولسۇن، ئەڭ ئاددىي ھەم خەقنى تەسىرلەندۈرگىلى بولىدىغان يول ئۇلارغا نەق نەرسىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

## پىكرىڭىزنى ھەقىقىي نەرسە شەكلىدە تەسۋىرلەڭ

بىر قېتىم ئېينىشتېين ئامېرىكىلىق بىر مېھمانغا يېڭى بىر كەشپىياتىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇ بۇ ئەزىز مېھمانغا توكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر ياشانغان توكچى شاگىرتىغا توكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ: ‹بۇ بىر ئەپسانىگە ئوخشىشىدۇ، بېشى كالتە، تېنى ئۇزۇن ئوۋ ئىتىدىن بىرى بار دېسەك، تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايدىنبورگتىن لوندونغىچە بولسا، سەن ئايدىنبورگتا تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى تارتساڭ، ئۇ لوندوندا ھاۋشىيدۇ› دېگەنىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئوخشىتىش تولىمۇ جايىدا ئىشلىتىلگەن. ئوۋ ئىتىنىڭ تېنىدە ياكى ئېگىز سىم تاناپ تۈۋرۈكىدىكى سىمنىڭ ئىچىدە ئېقىۋاتقىنى نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.»

ئېينىشتېين بۇ سۆز ئارقىلىق بىر مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئۇ ئاددىي ھەم دائىم ئۇچرايدىغان ئىشلارنى، ھەممىلا ئادەم ئويلىيالايدىغان ئەپسانىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش ئارقىلىق مۇجمەل پىكىرنى يورۇقلۇققا چىقارغان.

راسگوب ئەسلىي ھامال ئىدى، كېيىنچە دۇبان سودا



كوپېراتىپىنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇ دائىم شەكىل سىزىش ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزەتتى. بۇ خىل شەكىل تەسۋىرى راسگوبنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى. ئۇ ھەتتا ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغان چاغدىمۇ مەكتەپلەردىكىدەك ئابستراكت ئۇقۇمنى قوللانماستىن، بەلكى ھەرقانداق ئىشنى شەكىلگە ئايلاندۇراتتى… راسگوب پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئۆزىنىڭ مېڭىسىدە شەكىل ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، ئامما ۋە بالىلارمۇ چۈشىنەلەيدىغان نۇرغۇن ئاددىي شەكىللەرنى سىزىپ كۆرسىتەتتى.

ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا كىشىلەرگە ھەممىلا نەرسىنى كۆرسىتەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئەمما بىز ئاۋارىگەرچىلىكتىن قورقمايدىغانلا بولساق، تىلىمىز ئارقىلىق شەكىل ھاسىل قىلىپ تەسۋىرلەشكە قادىرمىز.

بۇ يەردىكى ماھارەت كىشىلەر كۆرەلەيدىغان ماددىي نەرسىلەرنى سۆھبەت ماتېرىيالى قىلىشتا. بۇخىل ئۇسۇل بەزىدە كونكرېت ۋە ماھىيەتلىك بولىدۇ. بۇ بىر خىل تاكتىكا، ئۇنى ئومۇمەن چوڭ يازغۇچىلار، ئۇلۇغ ناتىقلار ۋە تۈرلۈك كەسىپلەردىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىردەك قوللىنىپ كەلگەن.

مەسىلەن، داڭلىق ئادوكات جاۋدې بىر قېتىم ئالدامچىلىق بىلەن ئەيىبلەنگەن بىر كىشىنى ئاقلىغان. ئەيىبلەنگۈچى مەلۇم بىر ئاسارىئەتىقىنى قايتا زىنىنەتلەپ ياخشىلايمەن دەپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى يوقاتقان، دېگەن باھانە بىلەن قارىلانغانىدى. جاۋدې سوتتا مۇنداق سوئال قويغان: «بىرىنىڭ توسالغۇنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىنى كىم ئاڭلاپ باققان؟» ئۇ تىلدىن قۇراشتۇرۇلغان بۇ شەكىلنى قوللىنىش

ئارقىلىق بۇ خىل ئەيىبلەشنىڭ نەقەدەر بىمەنىلىكىنى شەرھلىگەن. مارتىن جاۋدې توغرىسىدا سۆزلىگەندە: «ئۇنىڭ ئادۋوكاتلىقتىكى ئەڭ زور ماھارىتى نەقىل كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇشتەك مول تەبىئىي تالانتىدا» دېگەنىدى.

ئەگەر بىر مال ساتقۇچى بۇ خىل ئۇسۇلنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىدە قانداق ئىشلىتىشنى بىلىۋالالىسا، بۇ ھال ئۇنى بىر شىركەتنىڭ تىجارەت بۆلۈم مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. مېيرالۇن بىخەتەر ۋېكلىيۇچاتېل سېتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر چوڭ ئىشلەپچىقىرىش شىركىتىگە بىخەتەر ۋېكلىيۇچاتېل ساتماقچى بولدى. ئۇ باش ئېلېكتىر ئىنژېنېرىنىڭ ئىش ئۇستىلى يېنىدا ئولتۇرۇپ، مۇۋاپىق سۆز تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان چاغدا، زاۋۇتتىكى بىر ئىشچىنىڭ ئىزولياتورسىز ۋېكلىيۇچاتېلدا توك سوقۇۋېتىپ ئېغىر يارىلانغانلىقى ھەققىدە ئۇشتۇمتۇت خەۋەر كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال دوختۇرخانىغا باردى. بۇ يەردە ئۇلار دوختۇر، زاۋۇتنىڭ بىخەتەرلىك خادىمى ۋە باش ئىش بېجىرگۈچى بىلەن كۆرۈشتى. ئەيىبلەش ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈشلەر ئۈزۈلمەيتتى. ئاخىر بۇ بەختسىز ئىشچى ئۆلدى.

دەل شۇ كۈنى مېيرالۇن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مال زاكاز قىلىش تالونىنى تاپشۇرۇۋالدى.

مېيرالۇن شۇ چاغدىلا ئۆز مىلىنى تەرسا ئېلېكتىر ئىنژېنېرىغا تونۇشتۇرۇۋاتقاندا، ئەگەر بىر ئىشچى توك سوقۇۋېتىش سەۋەبىدىن ئۆلسە، ئۇ ھالدا بىخەتەر ۋېكلىيۇچاتېل شۇ ھامان زاۋۇتنىڭ ئۆلچەملىك ئۇسكۇنىسىگە ئايلىنىدىغانلى-



قىنى چۈشەندى! بىراق، ھەر قېتىملىق سودىدا كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغاندا، بىر ئىشچىنى ئۆلتۈرۈش ئەمەلىيەتتە مۇمكىن ئەمەس ھەم ھاجەتسىز، شۇڭا ئۇ ئۇلارنى تىل ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ شۇنداق قىلدى. نەتىجىدە كېيىنكى نەچچە ئايدا مېيرالۇن بىخەتەر ۋېكلىيۇچاتېل تىجارىتىدە شىركەت بويىچە رېكورت ياراتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى، بارلىق تىجارەتچى خادىملارنى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى ئارقىلىق تەربىيىلىدى.

بىز ئېيتىۋاتقان شەكىل ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى ئۆز ۋەزىپىمىزنى باشقىلارغا ئەڭ ئاسان چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. ھېكايىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە كۈچلۈك رول ئوينايدىغان ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولالىشىمۇ مانا مۇشۇنىڭدا.

## پىكرىڭىزنى كونكرېت تەكلىپكە ئايلاندۇرۇڭ

پۈتكۈل خەلققە نىسبەتەن پىكىرنى راۋان يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى بىرەر ھېكايىدىن پايدىلىنىشتۇر.

بىرىنچىدىن، بىر ھېكايە ھەقىقىي بىر مەنزىرىنى سىزىپ بېرەلەيدۇ، پېرسوناژلار پائالىيىتى جانلىق بولغان بىر دراما بولالايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بىر خىل قاراشنى ئاسان چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتالايدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئاز - تولا ھۇرۇنلۇق بولىدىغانلىقى بىزگە ئايان. ئۇلار يېڭى بىر خىل قاراشنى ئىگىلەشتە ئىنتايىن

زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ھېكايە ئۇلارنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقىنى تېجەپ قالالايدۇ. ھېكايە قىزىقارلىق بولسا، ئۇلار تەبىئىي ھالدا خۇشاللىق بىلەن تىڭشايدۇ، نەتىجىدە بۇ يېڭى قاراش قىلچە قىيىنچىلىقسىزلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

لىنكولن بىر كۈنى كۆپچىلىككە: «كىشىلەر ئادەتتە ‹دورامچى› بولىدۇ، مەنىسى كەڭ ھەم يۇمۇرلۇق نەقىل كەلتۈرۈلسە، باشقا ھەرقانداق ئۇسۇل قوللانغانغا قارىغاندا ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ» دېگەنىدى.

ئامېرىكىنىڭ جەنۇب بىلەن شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە، لىنكولن شۇ چاغدىكى ھەربىي ھالەتكە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتقان: «بىر بۇقا بىر دېھقاننى بىر تۈپ دەرەخنى ئايلىنىپ قوغلاپتۇ، ئاخىردا دېھقان بۇقىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېتىز تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ. دېھقان بۇقىنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇۋەتسىلا يىقىلىپ بېشىنى يېرىۋېلىشتىن ئەندىسىرەپ، بۇقىنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇۋەتمەپتۇ. ئەمما، دېھقان بۇقىغا: ‹باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، مەن سەندىن بىرلا سوئال سوراي، بۇ خاتالىقنى كىم باشلىدى› دەپ توۋلاپتۇ.» لىنكولن شۇ چاغدا: «مەن ھازىر بۇقىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالدىم، جەنۇب ئىتتىپاقى قۇتۇلۇشنى خالىسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنى قويۇپ بېرىشكە پېتىنالمايمەن» دېگەن. بۇ ھېكايىدە بارلىق ئەھۋال پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەر چۈشىنەلەيدىغان ئۇسۇل بىلەن يىغىنچاقلانغان.

بىر قېتىم بېلگىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى خوئوۋېر قول ئاستىدىكى



بىر ئاشلىق توشۇيدىغان پاراخوتنىڭ گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتى تەرىپىدىن چۆكتۈرۈۋېتىلگەنلىكى، يەنە بىر پاراخوتنىڭ ئايروپىلاننىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال بېرلىنغا بېرىپ بۇ خىل قىلمىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن ئايروپىلان قوماندانىغا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ بايرىقىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۇقتۇرىدۇ. گېرمانىيە دائىرىلىرى بۇنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق خاتالىق ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ساختا سەمىمىيەت بىلەن بىلدۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ، دەپ كاپالەت بېرىدۇ.

— بۇنى بىلىمەن، — دەپ تەمكىن جاۋاب بېرىدۇ خوئوۋېر، — قوشنىسىنىڭ ئىتى چىشلىۋالغان بىر ئادەمنىڭ شىكايىتى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ ئادەمنىڭ قوشنىسى: «ھە، ئۇ ئىتتىن ئەنسىرىشىڭىز ھاجەتسىز، ئۇ سىزنى چىشلىمەيدۇ، ئۇ ئادەم چىشلەيدىغان ئىتلاردىن ئەمەس» دەپتۇ. ئۇ ئادەم بولسا «بۇلارنى بىلىمەن، بىراق سىز بىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىتىڭىز بىلەمدۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

گېرمانىيە ئەمەلدارىغا نىسبەتەن، بۇ ھېكايە ئۇزۇندىن ئۇزۇن مۇنازىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ قىممەتكە ئىگە. بۇ سۆزنىڭ نەتىجىسىدە، ھېلىقى ئەمەلدار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن:

— مەن باياتىن ئۇ ئىت بىلەن ئالاقىلەشتىم، ھازىر ئۇ بىلدى، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بېرىدۇ.

ۋېرسونمۇ ئۆتكەن ئىشلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز تەشەب-

بۇسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ماھىر ئىدى. مەسىلەن،
1916 - يىل 5 - ئايدا، نۇرغۇن ئاتاقلىق ئەربابلارنىڭ
ۋەكىلى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەر-
بىي تەلىم ئېلىپ بېرىش پىلانىغا قارشى چىقىپ، بۇ ئىش
ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئەركىنلىك مىزانىغا زىيان يەتكۈزىدۇ
دېگەن. ۋىرسون تۆۋەندىكى ھېكايىدىن پايدىلىنىپ بۇ مەسى-
لىنى جىمىقتۇرغان.

«سىز ئىنتايىن باي بىر ئىرلاندىيىلىك ھەققىدىكى ھې-
كايىنى ئېسىڭىزگە سالدىڭىز، ئۇ مېھمان سارايدىن بىر ئۆي
ئاچقۇزۇپ، چاي توشۇغۇچىغا ‹مېنى ئەتىگەن سائەت يەتتىدە
ئويغىتىۋېتىڭ› دەپ تاپىلاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر
نازارەتچىنىڭ چاقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەتىسى ئۇ ئويغ-
غانقان چاغدا، ئۇ يەنە ‹ئۇ نازارەتچىگە ئېيتىڭلار، تېزدىن
نېرى كەتسۇن، مېنىڭ بېرىشىم ھاجەتسىز› دەپتۇ. ئۇنىڭ
ئەركىنلىك قارىشى مانا شۇ!»

ھېكايە كۆزقاراشنى ئوڭاي چۈشىنىشكە ھەم ئەستە قال-
دۇرۇشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا كىشىنى چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئابستراكت
ئۇقۇمنى ئەستە قالدۇرۇشتىن خالاس قىلىدۇ، بۇ ھەممىگە
ئايان.

ھەرقانداق ئادەم قۇرۇقتىن قۇرۇق، زېرىكەرلىك كۆز-
قاراشنى ئەمەس، ئاددىي تېمىنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئاددىي ئىدىيىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى روشەنلەشتۈرۈشنى ئې-
نىق چۈشىنىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. مەسىلەن، «تەڭ-
رى يارىتقان ئالدامچىلىق»، «ئادىل سودىلىشىش»،
«تىرىشچانلىق بىلەن ياشاش»، «سەمەرقەنت تەكلىپى» دې-



گەنگە ئوخشاش ئىدىيىلەرنى ئاڭلىسىڭىز قولىقىڭىزدا مەڭ-
گۈ ياڭراپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ ئەكس ساداسى مەڭگۈ ئۈزۈل-
مەيدىغاندەك تۇيۇلىدۇ، بۇلاردىن روشەنلەشتۈرۈش بەكرەك ئەپ-
چىل پايدىلىنىدىغانلار ھەقىقەتەن كۆپ ئەمەس.

بىز غەلىتە گەپ بىلەن بىرەر پىلاننى ئىزاھلىساق،
ئەمەلىي نەتىجىگە ئېرىشىمىز. رايفېنئېن مۇنداق دېگەنىدى:
«بىر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى مۇكەممەل بىر پىلاننى ئىجرائى-
يە ھەيئىتىدىكىلەرگە گرافا ئارقىلىق سۇناقچى بولغان، ئۇ
ئالاھىدە ئىشلىنىدىغان قىسمىنىڭ رەڭگىنى قېنىقراق بې-
رىپ، ‹بۇ نەرسە يېرىم يېپىق› دەپ ئاتىغانلىقى ئۇچۇنلا
پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان. يەنە بىر ئىنژېنېر بىر دىرېكتور
ئىشخانىسىنى لايىھىلىگەندە، ئۆزىگە كەلگەن پۇرسەتنى تاما-
مەن نابۇت قىلغان، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى
‹كېڭەش پالاتاسى پىلانى› دەپ ئاتىغان، بۇ بىر ئېغىز لاۋزا
گەپ بىر خىل تەكەببۇرلۇق تۇيغۇسى بېرىپ، دىرېكتورلارنى
ئاڭلىغان ھامان سۈر باسىدىغان قىلىپ قويغان.»

بىر كونكرېت تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ ناھايى-
تى ئاسان يولغا قويۇلىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ قىممىتىنى
ئادەتتىكى ئادەملەر ئورتاق ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن. مەسى-
لەن، بىز كۆلۈبىمىزدا سەرەمجانلىرى ئەلا ھەم چىرايلىق
ياتاق ئاچماقچى بولۇپ، پەقەت مۇشۇ تەكلىپنىلا كۆتۈرۈپ
چىقساق، كۆپ ھاللاردا سەل قاراشقا ئۇچرايمىز. ئەگەر بىز
مۇكەممەل بىر پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ قانداق يولغا
قويۇلىدىغانلىقىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرسەك، غەلىبە قازى-
نىش پۇرسىتىمىز چوقۇم ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ئون ھەسسە
يۇقىرى بولىدۇ، خەقنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ناھايىتى

ئاسانلا ئېرىشەلەيمىز. چۈنكى، بىز ئۇلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئاۋارىچىلىكىنى ئۇلارغا تېجەپ بېرىپ، ئۇلارنى ئاسان ھۆكۈم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق. ئۇلار پىلانىمىزغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە بولىدۇ، بىراق، ئاساسلىقى ئۇلار «بولىدۇ» ياكى «بولمايدۇ» دېيىشى شەرت بولۇپ قالىدۇ.

كونكرېت تەكلىپىمىز باشقا ئۇسۇللارغا ئوخشاش، شۇنداقلا بىر خىل ئاخىرقى باياناتتىن ئىبارەتتۇر. بۇ نۇقتا ئېنىق بولغان تالاش - تارتىش نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتا سۆز قىلمىسىڭىزمۇ، بۇ «ئەگەر مۇشۇنداق قىلمىساڭلار، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسىلەر» دېگەنگە ئوخشاش قىسمەن تەھدىت مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ.

بۇرۇنقى زاماندا پېرونى بويسۇندۇرغۇچى پىزاررونىڭ مۇرىتلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پېروغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، نۆۋكەرلەر ئاچلىقتىن قىينىلىپ قاتتىق روھسىزلىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا پىزاررو بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۆزىگە سادىق كىشىلەرنى تارقىلىپ كەتمەي ئۆزىگە بېقىنىدىغان قىلغان. ئۇلار تىنچ ئوكياندىكى كىچىك بىر ئارالدا تەمىنات يەتكۈزۈش پاراخوتىنى ۋە ياردەمچى پاراخوتلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا پېرولۇقلار تېخى ئۇلارنى سەزمىگەنىدى. بىر كۈنى پانامانىڭ باش ۋالىيسى ئەۋەتكەن بىر پاراخوت كېلىدۇ. بۇ پاراخوتنىڭ قوماندانى ئۇلارغا پانامادىكى ھەرقانداق ئادەم بۇ قېتىمقى يىراققا يۈرۈشنى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە باش ۋالىي سىلەرگە دەرھال ئارقاڭلارغا قايتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، دەيدۇ.



پىزاررو قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، دېڭىز بويىدىكى قۇملۇققا قىلىچى بىلەن بىر سىزىق سىزىدۇ. ئاندىن ئۇ: «مەن بىلەن بىرگە بولۇشنى خالايدىغانلار مۇشۇ سىزىقتىن بۇياققا ئۆتۈڭلار، قالغىنىڭلار ئائىلەڭلەرگە قايتىساڭلار بولىدۇ!» دەيدۇ، نەتىجىدە پىزاررو غەلىبە قىلىدۇ.

لى يىفو ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئىلغار داڭلىق شەخس، ئۇ كىچىككىنە ئاساس بولسىلا، مۇمكىنچىلىك دائىرىدە تەپسىلىي، ئېنىق پىلاننى قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندى. ئۇ مۇنداق بىر ئەمەلىي مىسالنىمۇ سۆزلەپ بەرگەن: «ئۇ لوكفېللېر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى شىزاڭلىق دوختۇر فوكسىنا بىلەن بىرلىكتە بىر پىلان تۈزۈپ، مېدىتسىنا جەھەتتە بىر يېڭى كەشپىياتنى ئېلان قىلماقچى بولغان. نەزەرىيە ئاساسىنى تىكلەش مەزگىلىدە، ئۇنىڭ پىكرى بۇ دوختۇرنىڭكى بىلەن تازا بىردەك بولمىغان، ئەمما بارلىق ماتېرىياللارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەزگىلىدە ئۇلاردا پىكىر ئىختىلاپى تولىمۇ ئاز كۆرۈلگەن.»

قىسقىسى، بارلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ئۆز تەشەببۇسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆز پىكرىڭىزگە مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، پىلانىڭىزنى ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا شارائىت ھازىرلاڭ، ئىمكانىيەت يار بەرگەندە، ئۇلارغا كۆزىتىش ماتېرىيالى قىلغۇدەك نەق نەرسىلەرنى بېرىڭ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈشنى ئويلىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆزى بىلەن قۇلىقىنى تەڭ ئىشقا سېلىڭ. ئۇلارغا ئادەم، نەرسە، سىزما شەكىل، سىگ-

نال ۋە پىكرىڭىزنى ئۇلارغا يەتكۈزەلەيدىغان ياكى دەلىللىيە-
لەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىڭ.

قولىڭىزدىن كەلگەن ئەھۋالدا ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز-
نىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئەمەلىي مىسال ئورنىدا
ئىشلىتىڭ.

سۆھبەت ۋە يېزىقچىلىق ئارىلىقىدا يېزىق ئارقىلىق
كونكرېت، تەپسىلىي شەكىل ھاسىل قىلىشنى سىناق قىلىپ
بېقىڭ.

بىرخىل تەشەببۇسنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كىشى-
لەر قەلبىدىن ئورۇن ئالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى
دائىم قىزىقارلىق بىر ھېكايىنى مىسال قىلىشتىن ئىبارەت.

ئاممىنى تەسىرلەندۈرۈشتە ئاددىي، يىغىنچاق سۆز -
ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر؛ ئىدىيە-
ڭىزنى ئۆتكۈر ھەم ئېنىق ئىپادىلەڭ؛ باشقىلارنىڭ باش
قاتۇرۇش ئاۋارىچىلىكىنى تېجەپ بېرىڭ.

بىر خىل پىلاننى دەرھال يولغا قويۇلۇش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلماقچى بولغان چېغىڭىزدا، ئۇنى ئېنىق ئۇسۇل بى-
لەن كۆڭۈل قويۇپ ئوتتۇرىغا قويۇڭ، كونكرېت تەكلىپ
بېرىڭ، ئەڭ ياخشى بولغان يولغا قويۇش تەرتىپىنى ياكى
مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇڭ.



## يەتتىنچى باب

# مەخپىيەتلىكنى ساقلاش

### ئۆي - پىكرىڭىزنى ۋە ھېسسىياتىڭىزنى پىنھان تۇتۇڭ

تايۋېس ئىسملىك بىر يىگىت بولۇپ، بىر پارچە زې-
مىننى سېتىش خىيالىدا، فورت زاۋۇتتا بار پەيتنى پايلاپ
تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى.

فورت ئۇنىڭغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي، ئۈستەلدىن تالاغا
ئوخشىشىدىغان بىرنېمىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپ:

— بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ — دېدى.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى تايۋېس.

فورت بۇنىڭ يېڭى كەشىپ قىلىنغان بىر خىل ماتېرى-
يال ئىكەنلىكى، ئۇنى «فورت ئاپتوموبىلى» غا ئىشلەتمەكچى
بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. فورت
بۇ خىل ماتېرىيالنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ
ئەۋزەللىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلغا كېلەر يىل قانداق
يېڭى شەكىللەرنى ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەمىمىي
ھالدا ئون بەش مىنۇت سۆزلىدى. فورتنىڭ سۆزلىگەنلىرى
تايۋېسنى گاڭگىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ ئىنتايىن مەم-

نۇن بولدى. فورت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ يەرنى سېتىۋېلىش خىيالى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى.

فورت سەۋەبىنى ئوچۇق ئېيتمىغانلىقتىن مۇنازىرىگىمۇ پۇرسەت تۇغۇلمىدى، ئۇ ھېلىقى يىگىتنىڭ تەكلىپىنى ئۇدۇللا رەت قىلدى. لېكىن ئۇ كىشىنى خۇشال قىلىپ يولغا سالدى.

فورتنىڭ قوللانغان ۋاستىسى ھەممىگە ئايان، ئەلۋەتتە. كىشى ئۆزىنىڭ پىلانى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇچى خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئەسلىدە بىر تۇتەك پەردە بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمنى پەردە ئارقىسىدا چىقاردى، ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرى ۋە ھېسسىياتىنى بولسا ئاشكارىلىمىدى.

باشقىلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلىش كېرەك. بۇ — مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نۇقتا.

دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، فورتقا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى ۋاقتى كەلمىگۈچە خەققە ھەقىقىي خەۋەرنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىمكانىيەتلىك دائىرىدە قارشى تەرەپتە ياخشى تەسىرات قالدۇرىدۇ.

ستوران شيۇخۇابو توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «زىيارەتكە كەلگەنلەر شيۇخۇابو بىلەن ناھايىتى ئاسان كۆرۈشەلەيدۇ، ئەمما يولدا بىرگە ماڭغان چاغدا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشەلمەيدۇ، بەلكى بىرمۇنچە قىزىق پاراڭلا ئاڭلىيالايدۇ.»

لىنكولنمۇ شۇنداق ئىدى، باشقىلار ئۇنىڭدىن سوئال



سورىغاندا، ئەگەر شۇ مەسىلە تېخى يېشىلمىگەن بولسا، ئۇ سوئال سورىغۇچىنىڭ ئۆزىدىن قايتۇرۇپ سوئال سورايتتى ياكى ئۇنىڭغا بىرەر مۇۋاپىق ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى - دە، مېھماننى چىرايلىق يولغا سېلىپ قوياتتى.

بىر يىگىت ئۆزىنىڭ چوڭ كارخانىچى پان تېبىر بىلەن دائىم سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى، ھەر قېتىملىق سۆھبەتتە ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، لېكىن پان تېبىرنىڭ مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان سېھرىي كۈچى بولغاچقا، ئۆزىدىكى ھەقىقىي ئۇمىدسىزلىكنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. پان تېبىرنىڭ ئۇسۇلى بۇ چەبدەس يىگىتكە ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغان، لايىقىدا سورالغان سوئال - جاۋابلار ئۇنىڭدا ئۆز ئىشىغا نىسبەتەن يېقىملىق تەسىرات پەيدا قىلغان.

بۇ رەھبەرلەر ياكى قارشى تەرەپنى گەپكە سالىدۇ، ياكى ئۆزى ئاز - تولا ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ، ياكى تېمىنى يۆتكەپ سوئال سورايدۇ، ياكى خەقتە مەمنۇن بولغان ھەم بىخەتەر ھالدا يەنە بىر يولغا ئۆتكەندەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ، ھامان ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ، نەتىجىدە، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئىشلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى يوقىتىۋېتىدۇ.

سىنبوسىن ئۆز ۋاقتىدا فېيئىرنىڭ شىركىتىدە كاتىپ بولغان، كېيىن شىركەت دىرېكتورلۇقىغىچە كۆتۈرۈلگەن. خېلى بۇرۇنقى يىللاردا ئۇ فېيئىرغا ۋەكالىتەن جاي - جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەرنى كۈتۈۋالغان، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ تاماكا چېكىپلا ئولتۇرغان. كېيىن بۇ ئىشنى

بىرەيلەن فېئېرغا يەتكۈزگەن، فېئېر ئۇنىڭغا:

— ئاڭلىشىمچە، سىز ئۇ پەردە ھەممىسىدىن كۆپ تاماكا چېكىدىكەنسىز؟ — دېگەن.

— توغرا! — دەپ جاۋاب بەرگەن سىنبوسېن، — مېنىڭ تاماكا چېكىشىم زۇۋان سۇرمەي ئولتۇرۇشىنىڭ چارىسى.

بىزمۇ مۇشۇنداق ھوشيار بولۇشىمىز، كۆپ سۆزلەشتىن ساقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى چىراي ئىپادىمىز ئارقىلىقمۇ ئۆز مەخپىيەتلىكىمىزنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقىمىز لازىم. باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئولتۇرۇپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەسلىكمۇ بەزىدە زۆرۈر.

«باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقاندا، بىرەر نەرسىنى دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئوبيېكتى قىلىسىڭىز، مەسىلەن، ئۈستەلدىكى گۈلنىڭ بىر تال شېخىدىن ئازادە ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرسىڭىز قىياپىتىڭىزدىن ھېچنېمىنى بىلدۈرمەيسىز.» مانا بۇ سۆزنى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ماھىرى مۇنكو ئېيتقان.

ئالاھىدە ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، قارشى تەرەپكە باشتىن - ئاخىر سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ، ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماپلا قويۇڭ. كېئاننى ئىتالىيىدىكى داڭلىق بانكىر، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «بۇخىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، كاللىڭىزغا نېمە كەلسە، شۇنى ئويلاۋېرىڭ، قارشى تەرەپنىڭ گېپى سول قۇلىقىڭىزدىن كىرىپ، ئوڭ قۇلىقىڭىزدىن چىقىپ كېتىۋەرسۇن، ئۇ سىزنىڭ نېرۋىڭىزغا قىلچە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ.»

پرېگېر راسگونىكىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر مەجلىسىنىڭ



رەئىسى بولغان چاغدىكى ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن ئىمكانىقەدەر ياخشى ئۆتەتتى، دائىم ھوشيار قىياپەتتە كۆرۈنەتتى، ئەمما ھەرگىز گەپ قىلمايتتى. بۇخىل پوزىتسىيە سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك تەدبىرچىلەرنىڭ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ھىيلىسى.» ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئىككى بىسلىق قىزىقارلىق سۆزدىن بىرەر ئېغىزنى قىلىپ قويۇش ئارقىلىقمۇ قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

گېنېرال خۇس 1917 - يىل يازدا ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ ئۆز داچىسىغا قايتقاندا، تەرەپ - تەرەپتىن ئىغۋا تارقىلىپ، خۇس زۇڭتۇڭ ۋىرسون بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشۇپتۇمىش، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر ئېقىپ يۈرۈشكە باشلىنغان، مۇخبىرلار ئۇنى بۇنىڭغا ئىزاھات بېرىشكە قىستىغاندا، ئۇ «بۇ ئىغۋانىڭ كېچىكىپ تارقالغانلىقىدىن ھەيرانمەن، ئادەتتە بۇنداق ئىغۋالار خۇددى رىۋايەتلەردەكلا تېز تارقىلىشقا تېگىشلىك ئىدى» دېگەن.

چىكاگودىكى چوڭ توپ تارقىتىش دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى بىر قېتىم بۇ ئۇسۇلنى فېئېرنىڭ قانداق قوللانغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن. بۇ دىرېكتور ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا فېئېرنى دائىم زىيارەت قىلىپ تۇرغان، كونا تونۇش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن مەبلەغنى قانداق سالغان ياخشى؟ دەپ سورىغان. شۇ چاغدا فېئېر خېلى كۆپ شىركەتلەرنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئىچكى خەۋەرلەرنى ئەلۋەتتە ئىنتايىن پىششىق بىلەتتى، لېكىن ھېلىقى دىرېكتورغا ئۆزىنىڭ قانداق سودا - سېتىقلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىلا دەپ بەرگەن، ھەتتا: «بۇلارغا سېنىڭمۇ ھەۋەس قىلىشىڭنى

خالىمايمەن» ياكى «بىزنىڭ گېپىمىزگە زەن سالماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، بىراق...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان.

بەزىدە بىزنىڭ يوشۇرىدىغىنىمىز ھەرىكىتىمىز ئەمەس، بەلكى ھەرىكىتىمىزنىڭ سەۋەبى، شۇڭا باشقا بىر غەرەزدە بولۇپ كۆرۈنۈش شەرت. ئامېرىكىدا ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتقان مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، زۇڭتۇڭ جونسون جەنۇبنى گۈللەندۈرۈش سىياسىتى توغرىسىدا پارلامېنت بىلەن قارشىلىشىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قانۇن چىقىرىشتا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئۇ چاغدا گرانتونىڭ قولىدا ھەربىي قوشۇن بولغانلىقتىن، ئۇ ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. گرانتو جونسونغا قارشى ئىدى، ئەمما ئوچۇق - ئاشكارا ئادا - جۇدا بولۇش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزۈشنى تازا خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىيلە ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. گرانتونى ئۆزى بىلەن بىللە نۇتۇق سۆزلەشكە بېرىشقا قىستايدۇ. ئۇ گرانتو مۇنبەردە ئولتۇرۇپلا بەرسە، مېنىڭ تەشەببۇسۇمنى ھىمايە قىلغان بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، گرانتو بولسا: «ئىچىمدىكى غەزەپ - نەپرەت مېنى كېسەلگە گىرىپتار قىلدى، شۇڭا بۇ قېتىمقى ساياھەت قىلىپ نۇتۇق سۆزلەشتىن مېنى قالدۇرۇپ قويسىڭىز» دەپ رەت قىلىدۇ.

گرانتونىڭ كاتىپى مۇنداق دېگەنىدى: «گرانتو ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشنى ئادەتتە بىردەك رەت قىلاتتى، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى تىڭ تىڭلىشىغا بەزىدە يول قويمايتتى.»



## خەۋەر تىڭتىڭلاش ئۇسۇلى

داۋچ ئامېرىكا غەربىي فېدېراتسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر گېنېرالى ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ شەرقىي قىسىمدىكى گرانتو ئارمىيىسىدە ئىككى ھەپتە تۇرۇپ، ئاندىن كېيىن يول قۇلايلىقىدىن پايدىلىنىپ زۇڭتۇڭ لىنكولن بىلەن كۆرۈشكەنىدى.

ئۇ چاغ دەل گرانتونىڭ شەرقىي قىسىم ھاياتىدىكى ئەڭ خۇنۇك دەۋر ئىدى.

داۋچ لىنكولن بىلەن ئازراق سۆزلەشكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشماقچى بولىدۇ، لىنكولن ئۇنى ماڭدۇرماي، باشقا مېھمانلىرىنى بىر - بىرلەپ يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۇنى باشقا بىر بۆلۈمگە باشلاپ كىرىدۇ.

لىنكولن داۋچنىڭ خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قويۇپ، كىتاب ئىشكابىدىن بىر كىتابنى ئالىدۇ. داۋچ شۇ چاغدىكى ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كىتابنى ئېچىپ، پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغىنىچە كىتابتىكى بىر ئابزاسنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇ ناھايىتى يۇمۇرلۇق يېزىلغان ماقالە ئىدى، مەن ئۇنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم ھەمدە يۈرىكىم ئىزىغا چۈشتى. ئۇ مېنىڭ قىلتاققا چۈشكەنلىكىمنى كۆرۈپ كىتابنى يېپىپ قويۇپ، مېنىڭ يېقىندا گرانتو ئارمىيىسىدە كۆرگەن - ئاڭلىغان ئەھۋاللىرىمنى گەپ ئارىلاپ سوراشقا باشلىدى.»

كېيىن لىنكولن داۋچنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن گېنېرال گرانتو ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسىنىڭ

بارلىق ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى بىلىۋالغان.

داۋچ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىشلاردىكى غەرەزنى بىرقانچە يىل ئۆتكەندىلا ئاندىن بىلىپ يەتتىم. مەن ئۇ چاغدا گرانتونى ئالماشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئەمەلدار ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنغان خەتلەرنىڭ لىنكولنىنىڭ ئۈستىلىگە تولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدىم.»

نيويۇركتىكى مەركىزىي تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى دىرېكتورى شىمىس مۇنداق دېگەنىدى: «ھەممە كىشىدە تەمكىنلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلالىسىڭىز، خەۋەر تىڭتىڭلاشنىڭ توغىنى ئېچىلىپ كېتىدۇ - دە، ئۇلار سىزگە توختىماي سۆزلەپ بېرىدۇ.»

خەۋەر تىڭتىڭلاشتا ئۆزىمىزنىڭ غەرىزىمىزنى يوشۇرۇشىمىز شەرت، ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇل. چىكاگودىكى بىرىنچى دۆلەت بانكىسىنىڭ باش دىرېكتورى ۋېتمور مۇنداق دېگەنىدى: «بىۋاسىتە گەپ سورىغاندا، تولا ھاللاردا جاۋاب ئالالمايسىز، ئەمما باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭىز بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىز، ئۆزىڭىز ئۇمىد قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلەيسىز.»

گېنېرال داۋچ ئۆزىنىڭ لىنكولن بىلەن بولغان يەنە بىر قېتىملىق سۆھبىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «لىنكولن مېنى چاقىرتىپ، مىسسورى دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا دائىر بارلىق ئەھۋاللارنى يېپىندىن - يىڭنىسىغىچە سورىدى. سۆھبەت ئىككى سائەتچە داۋام قىلدى، ئۇنىڭ بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە مۇشۇنداق سەمىمىي غەمخورلۇق قىلغانلىقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. ئۇ مېنىڭ



ئاغزىمدىن نۇرغۇن خەۋەرلەرنى ئالداپ ئېلىۋالغانىدى، كېيىن مەن يەنە مېنى يالىلىغانلار ئۈچۈن ساقلاپ كەلگەن مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلاپ قويغانىدىم.»

بىرەيلەن ئەمەلدار ئەربابلار بىلەن كۆپ ئۇچراشقان بىر سودىگەر بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئاشۇ ئەمەلدار ئەربابلارنىڭ قايسى تەرىپى ئۇنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغانلىقىنى سورىغان. سودىگەر ئۇلارنىڭ باشقىلار توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلىماقچى بولغاندا شۇ كىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كىشىگە ھېس قىلدۇرمايدىغانلىقى ئۆزىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇلار تاسادىپىي بىرەر كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قويىدىكەن ياكى بىرەر ئېغىز سۆز بىلەن باشقىلارنى گەپكە سېلىپ قويىدىكەن - دە، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىكەن.

## مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۇسۇلى

بىر توپ ئاتاقلىق ئەربابلار نيويۇركتىكى فېدېراتسىيە ئىتتىپاقى كومىتېتى كۇلۇبىدا ياشلارنىڭ كەسپىي مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتى. بىرەيلەن «نېمە ئۈچۈن چوڭ كەسىپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ياشلار شۇنچە ئاز؟» دېگەن بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېدى، كۆپچىلىك قىزغىنلىق بىلەن مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى.

كەسپىي ساھەدىكى بۇ رەھبەرلەر، سودا ۋە پۇل مۇئامىلە ساھەدىكى بۇ مەشھۇر زاتلارنىڭ مۇنازىرە نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇلار «ياشلار ئېغىزىغا ئىگە بولالمايدۇ» دېگەن

كۆزقاراشقا بىردەك قوشۇلدى.

مۇزاكىرە داۋامىدا بىرەيلەن مەلۇم بىر ياشنىڭ باشقا بىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەلۇم تىجارەتكە كىرىشكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ دەيدەيگە سېلىشى ئارقىسىدا پويىزدا ئىشىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقتىن، ئاخىر خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۆز ئىستىقبالىنى نابۇت قىلغانلىقىنى سۆزلىدى.

ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا لاندې مۇنداق دېدى: «شۇغۇللانغان ئىش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق ئوچۇق ئىپادە بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى تولا ھاللاردا بىرنېمە دېيىش قىيىن. پىلاندىكى مەخپىي ئىشنى باشقىلارغا ياكى خوتۇنىغا ئېيتىپ بېرىشكە ئامراق كىشىنىڭ بىرەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىغا ئىشەنمەيمەن.»

جېسفېر مۇنداق دېگەنىدى: «باشقىلارغا ئالاقىدار بولمىغان مەخپىيەتلىكنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرگەنلىك — ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ مەخپىيەتلىك ساقلىيالمايدىغان ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئاڭلىغۇچىلار سىزنى يەنە بىرمۇنچە ئادەملەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويسىمۇ، سېزىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەيدۇ… ئون دوستىڭىزدىن توققۇزى ئۆزىگە پايدىلىقلا بولىدىكەن، سىزنىڭ قىلچە پەرۋا قىلمايلا ئېيتىپ قويغان ھەربىر ئېغىز سۆزىڭىزدىن پايدىلىنىدۇ.»

ئەگەر مەلۇم خەۋەرنى مەخپىي ساقلىمىساق ياكى ساقلىيالمىساق، كىشىلەرنى ئىدارە قىلالمايمىز. بارلىق



داھىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ماھىر كىشىلەردۇر.

ھالبۇكى، كىشىلەر مەخپىيەتلىكنى قىزىقسىنغانلىقتىن ئاشكارىلاپ قويىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىرىنچىدىن، بىر خىل كۈتۈلمىگەن خەۋەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغۇچى ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدۇ - دە، بىر مەزگىل شۇنىڭ بىلەن كۆرەڭلەپ يۈرىدۇ.

ئومۇمەن مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالمايدىغان ياكى ئىناۋەتكە ھۆرمەت قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆزىنى ئۆزى قۇربانلىق قىلىدىغانلاردۇر. ئىناۋەت تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرى ئېغىزنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

جېسفېر: «ھەرگىز نادانلارچە سىرلىق قىياپەتكە كىرىۋالماڭ، بۇ ئىنتايىن دوستانە بولمىغان مىجەز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ گۇمانىنى ئەڭ قوزغايدىغان مىجەز. سىز باشقىلار ئالدىدا سىرلىق كۆرۈنۈپ نوچىلىق قىلسىڭىز خەقمۇ سىزگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ - دە، بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىمۇ بىلەلمەي قالىسىز» دېگەنىدى.

جىددىي مەخپىيەتلىكنى تاسادىپىي ئاشكارىلاپ قويۇش ياكى ئېغىزىدىن چىقىرىپ تاشلاش كىشىلەرنىڭ كېيىن مۇقەررەر ئېلان قىلىنىدىغان ئىش توغرىسىدا قاتتىق باش قاتۇرۇشىنى ۋە قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. ئەمما، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا ياكى كىمكى شۇ يول بىلەن شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرماقچى بولسا، بۇ،

چوڭ خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

جېسفېر يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «ھەربىر ئادەمدە ھەقىقىي سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسى بولۇشى كېرەك، ئەمما يۈزەكى سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، چۈنكى سۈكۈت قىلىش قىياپىتىگە كىرىۋېلىش باشقىلارنى تولىمۇ بىزار قىلىدۇ، ئەمما سۈكۈت قىلماسلىق ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش. ئۆزىنى پەيتى كەلگەندە تۇتۇۋالالايدىغانلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ؛ بىرمۇنچە كىشىلەر ھەتتا ناھايىتى ئۇششاق ئىشلاردىمۇ كۆلكىنلىك سىرلىق قىياپەتكە ۋە سۈكۈت قىلىش ھالىتىگە كىرىۋالىدۇ، يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇلار قورسىقىدىكىنىڭ ھەممىسىنى ئاسانلا خەققە تۆكۈپ بېرىدۇ.»

مەخپىيەتلىكنى ساقلاشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇش، پەخەس بولۇش، ھەتتا بەزىدە ياسالمىلىقمۇ قىلىپ قويۇش زۆرۈر.

باشقىلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغان چېغىڭىزدا، بولۇپمۇ خەۋەر تىڭشىغۇچىلىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلغاندا ۋە ئۇچراشقاندا، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆز پىكرىڭىزنى ۋە ھېسسىياتىڭىزنى بىر ئامال قىلىپ يوشۇرۇشىڭىز كېرەك.

بەزىدە بىرەر تۇتەك پەيدا قىلىپ، ئۇلاردىن قايتۇرما سوئال سوراش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش؛ ياكى ئۇلارغا مۇھىم بولمىغان بىرەر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ دىققەت نەزەرىنى باشقىلارغا بۇرۇۋېتىش كېرەك.

بەزىدە تاماكا چېكىش ياكى بىر پارچە قەغەزگە قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى سىزىش قاتارلىق ساختا ھەرىكەتلەر



بىلەن ئۆز ئىپادىڭىزنى كونترول قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

خەۋەر تىڭشىغۇلاشتىمۇ غەرىزىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويماڭ. ئەڭ ياخشىسى قارشى تەرەپنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ ياكى ئۇنى سۆزلەشكە ئىلھاملاندۇرۇڭ، ئۇ تەبىئىي تەمكىنلىككە ئىگە بولسۇن. بۇ خىل ئۇسۇل بىۋاسىتە سوئال سورىغانغا قارىغاندا، ئۈنۈملۈكرەك بولسا كېرەك.

ھالبۇكى، باشقىلار توغرىسىدىكى ياكى بىر ئىش توغرىسىدىكى خەۋەرنى تىڭشىغۇلماقچى بولغان چاغدا، ئۆزىڭىزنىڭ بۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلىمەسلىكىڭىز شەرت. شۇ كىشىنىڭ ئېتىنى ياكى شۇ ئىشنى غەرەزسىزلا تىلغا ئالغاندەك بولۇشىڭىز كېرەك. ئانچە - مۇنچە گەپ قىلىپ قارشى تەرەپنى گەپكە سالغىنىڭىزنىڭمۇ زىيىنى يوق.

مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، باشقىلار ئېھتىياتسىزلىق بىلەن ئېغىزىڭىزدىن چىقىپ كەتكەن بىر ئېغىز گېپىڭىزدىن پايدىلىنىشنىڭ پېيىدە يۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇمۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزگە مەخپىيەتلىك ساقلاپ بېرىدىغان ئادەم يوق!

ھەرگىز سىرلىق قىياپەتكە كىرىۋالماڭ. مەخپىيەتلىكىڭىزنى چىڭ ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاق كۆڭۈللىكىڭىزنى ئىپادىلەڭ، بۇ ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس. مەخپىيەتلىكنى كۆز - كۆز قىلىش بەزىدە باشقىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ قويىدۇ، ئەمما بۇ خىل ئۇسۇل ئادەتتە پەقەت بىزارلىقنىلا پەيدا قىلىدۇ، ئۆزىڭىزنى مەڭگۈ باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە ئېرىشەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ.

图书在版编目(CIP)数据

创造完美的人生/（美）卡耐基著；艾力·扎伊提译.
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.6
ISBN 978—7—5371—4455—1

Ⅰ.创… Ⅱ.①卡…②艾… Ⅲ.人生哲学—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.B821—49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 008289 号




责任编辑：尼加提·穆合力斯
木塔里甫·买买提伊明
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

# 创造完美的人生(维吾尔文)

[美]戴尔·卡耐基　著
艾力·扎伊提　译

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　6.125印张
2003年6月第1版　2008年5月第2次印刷

ISBN 978—7—5371—4455—1　　定价：10.50元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

1BUI00000050